# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究



Turfanological Research

2

2000



شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى



① خادا ئۇستىدە يۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان سىرىكچى ھەيكىلى

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان



② ئات توپى ئويناۋاتقان چەۋەندار ھەيكىلى

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان



④ ئوۋچىلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گۈل باسقان دۇردۇن

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان





③⑤ جانبازلىق ھەركىتى كۆرسىتىۋاتقان سىرىكچى ماھىرلار ھەيكىلى

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
نەشر ئەپكارى

تۇرپانشۇناسلىق
تەتقىقاتى

(2000ـ يىل 2 ـ سان)

ژۇرنال مەسلىھەتچىلىرى :
ئابلا قاسىم ، ئابدۇقېيۇم خوجا ،
مىمىت نىياز ، ۋەلى
تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئە-
ئىسلىكى
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى :
ئابلا قاسىم
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى :
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
تەھرىر ھەيئەتلىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇگۇل ئابلىمىت ، ئەركىن
مىجىت ، ئەنۋەر مۇھەممەت ،
زۇلپىيە مۇھەممەت ، سابىت
ئەخمەت ، قادىر ئىسمايىل ،
لىۇ خۇڭلياڭ ، نىيورۇجى ،
ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ،
ئۆمەر ئابدۇقادىر ، ئىسرايىل
يۈسۈپ ، ئىدرىس ئابدۇرو-
سول
باش مۇھەررىر :
ئابلىم قېيۇم
ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر :
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
تەھرىرلىرى :
ئابدۇگۇل ئابلىمىت ، زۇلپىيە
مۇھەممەت ، ئۆمەر ئابدۇقادىر

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە ماقالە

گوۋۋيۈەننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى لەنچىڭ تۇرپاندا مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى .................. 1

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

تويۇقتىلەرنىڭ بېشبالىقتىن چېكىندۈرۈلۈشى ھەمدە قوچو ئۇيغۇر
ئېلىنىڭ قۇرۇلۇشى ......... ساۋۇت ئابدۇخالىق ، ئالىم ئەنۋەر 4
چىڭگىزخان ۋە بارچۇق تېكىن............ ئىمىن تۇرسۇن 11

## تارىخىي ئاتالغۇلار تەتقىقاتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تابغاچ» ئاتالغۇسىغا
ئېنىقلىما ............................ مۇختار مامۇت سابىت 15
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئېيتىلغان ئوتتۇرا چىن» توغرى-
سىدا ................................ غالىپ بارات ئەرك 27

## تارىخ تەتقىقاتى

جۇڭغار خانلىقىنىڭ قارا شەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە
ئۇلارنىڭ تەسىرى ......................... يۇنۇسجان ئېلى 33

## تۇرپان مەدەنىيىتى

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا نەزەر.............
............................ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق 48
قوچو خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ
مەدەنىيەت قاتلىمى ... ئەسەت سۇلايمان ، مېھرىئاي مەمتىلى 80
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىقى ھەققىدە ...........
..................................... گۈلنار ئىسمايىل 85

## تۇرپان ئۈزۈمى

ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىشى توغرىسىدىكى
ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر..................... جاڭ يۈجۇڭ 97

## يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە يىپەك يولى ... ئەركىن ئەرشىدىن 91
قوچو ـ بېشبالىق يولى ۋە ئۇنى ياساشنىڭ ئەھمىيىتى
........................................ نىياز كېرىمى 110

## يۇرت ناملىرى

«توقسۇن» ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە
.......................................... ئەشرەپ ئابدۇللا 114

## تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنىڭ بايقىلىشى ................... 121
ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى ...................... تەھرىراتتىن 125

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ 4 ـ بەتلىرىدە : قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى : ئالپ
ئارسلان خانىنىڭ سۈرىتى (10 ـ ئەسىر)

《吐鲁番学研究》
(2000 年第 2 期)(维文)
编委会
主任:阿不拉·卡斯木
副主任:阿不利木·克尤木,
艾尔肯·伊明尼亚孜
编　委:
(按姓氏笔划为序)
牛汝极,艾尔肯·伊明尼亚孜,艾比布拉·霍加,艾尔肯·米吉提,艾尼瓦尔·买买提,伊斯拉菲尔·玉素甫,伊弟利斯·阿不都热苏勒,沙比提,阿不都古力·阿不利米提,吾买尔·阿不都哈地尔,柳洪亮,哈地尔·斯马义,祖力菲亚·买买提

主　　编:阿不利木·克尤木
特邀编审:艾尔肯·伊明尼亚孜
编　　辑:阿不都古力·阿不利米提,祖力菲亚·买买提,吾买尔·阿不都哈地尔

# 目录

·特稿·
国务院副总理李岚清在吐鲁番地区视察文物工作 ………………
·吐鲁番学研究·
吐蕃从北庭的退却及高昌回鹘王国的建立 …………………………
…………………………………………… 沙吾提,阿里木(合著)
成吉思汗与巴而术的斤 ……………………………… 伊明·吐尔逊
·读史札记·
《突厥语大词典》中《桃花石》一词辨析 ………… 穆合塔尔·马木提
·历史研究·
论准葛尔部与焉耆的关系及其影响 ……………… 尤努斯江·艾力
·文化研究·
浅谈高昌回鹘人的文化生活 ……… 艾尔肯·伊明尼牙孜·库吐鲁克
高昌回鹘时期维吾尔人名及其文化层次 …………………………
…………………………………………… 艾赛提,米合拉依(合著)
论古代维吾尔人的历法 ……………………… 古丽娜尔·司马义
·史料考证·
葡萄及葡萄酒传入我国考证 ……………………………… 张玉忠
·丝路研究·
甘州回鹘与丝绸之路 ………………………… 艾尔肯·艾尔西丁
·地名研究·
“托克逊”地名的来源 ………………………… 艾西热甫·阿不都拉
·信息窗口·
敦煌文献的发现 ……………………………………………………
征稿启事 ………………………………………………………… 编者

封一、四榜侧的回鹘文题记“以为勇猛之狮统治全国的九姓之主全民苍鹰候、回鹘特勤立像”。

新疆吐鲁番学学会
新疆吐鲁番地区文物局　主办

# مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ تۇرپاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ ھەمرالىقىدا تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە بىللە كەلگەنلەردىن يەنە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شۇ رۇڭكەي، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ گوباۋ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ماسۇڭدې، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ يۇسەي قاتارلىقلار بار.

چۈشتىن بۇرۇن، مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ ئالدى بىلەن يارغول قەدىمكى شەھىرىگە كەلدى. كۆرگەزمە زالىدا قىسقىغىنە توختىغاندىن كېيىن پىيادە يارغول قەدىمكى شەھىرىگە كىرىپ، ئۇدۇل غەربىي بۇتخانىغا يېتىپ باردى، ئۇ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكالىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭغا «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ساياھەتچىلەر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قەدىمكى شەھەر ئىچىگە كىرەتتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى ماشىنىلارنىڭ تەۋرىشى قەدىمكى شەھەرگە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن ساياھەت ماشىنىلىرىنىڭ قەدىمكى شەھەرگە كىرىشى قاتتىق تىزگىنلەندى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن قەدىمكى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا پەلەمپەي ياساپ، ماشىنىلارنىڭ قەدىمكى شەھەرگە كىرىشىنى ئۈزۈل - كېسىل توسىدۇق» دەپ چۈشەندۈردى. مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ بۇ سۆزدىن مەمنۇن بولۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يارغول قەدىمكى شەھىرى ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە. ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مەدەنىيەت مىراسىنى چوقۇم ياخشى قوغداش لازىم.» ئۇ يەنە تەكىتلەپ: «قانداقلا ماشىنا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەدىمكى شەھەرگە كىرىشكە بولمايدۇ.» دېدى. كاتتا ئىبادەتخانا ئىچىدە مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ كۆپچىلىككە «بۇ مەن كۆرگەن تارىختىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرى.» دېدى. ئۇ كاتتا ئوردا ئىچىدىكى غول مۇناردا تۇرغان بىرنەچچە بۇت قالدۇقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «بۇلار دۆلەتنىڭ گۆھىرى، چوقۇم ياخشى قوغداش لازىم.» دېدى. بىللە كەلگەنلەر ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ نەچچە قېتىم قەدىمكى شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتقاندا ئۇ «مېنىڭ چوڭ - كىچىك رەستىلەرنى، ھويلا - ئاراملارنى، ئاھالىلەر

ئولتۇراق رايونلارنى، ئۇردا مەھكىمىسىنى، كونا قۇدۇق ئىزى . . . ئىشقىلىپ ھەممىنى كۆرۈپ باققۇم بار.» دېدى. مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ يەنە كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى ئەھۋالىنى سورىدى.

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىدا، مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنىڭ ساياھەتچىلىكتە ئوينىغان رولىنى ئىگىلىدى ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقى بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى سورىدى. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنى كۆرۈپ بولغاندا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. خىزمەتچى خادىملار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ۋە مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەسلىدىكى تۇرپان مۇزېيىنى كۆرۈش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئېيتقاندا مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىتقا «مېنىڭ تۇرپان مۇزېيىنى كۆرۈپ باققۇم بار.» دېدى. خىزمەتچى خادىملار ئۇنىڭغا يەنە «غەربكە ساياھەت» تە تەسۋىرلەنگەن يالقۇنتاغقا بارىمىز دېگەندە ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، «يالقۇنتاغنىمۇ، بىر كۆرگۈچىلىكى بار.» دېدى. كۆپچىلىككە ئايان، مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ ئاساسلىقى مەدەنىي مائارىپ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل. شۇ تاپتا ئۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن، مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ تۇرپان مۇزېيىغا كەلدى. مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلغان ھەربىر مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆردى ھەم قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئارىلاپ سوراپ، بىر سائەتتىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ھاۋا كېلىماتى، قەدىمكى شەھەر، مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىنى، كەڭ - كۆلەمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مول ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا «تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.» دېدى. چوڭ زالغا كىرگەن ۋاقىتتا مۇزېيخانىدىكى يولداشلار ئۇنىڭغا بېغىشلىما يېزىپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىزنىڭمۇ خىزمەت تۈزۈمىمىز بار، مەن سىلەرگە ئىمزا قويۇپ بېرەي» دېدى. ئۇ ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ، ئۇستەل ئۈستىدىكى خاتىرە دەپتىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن كۆركەم قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە مۇزېينى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ۋاقىتنى يازدى. مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭنىڭ تۇرپان مۇزېيىغا غەمخورلۇق قىلىشى كۆپچىلىكتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

«تۇرپان چوقۇم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم .» بۇ مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان ئادەتتىكى سۆزى ئەمەس . تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ ئەيرۇڭ مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭغا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندا ، ئۇ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ «بىر قولدا ئۈزۈمچىلىكنى ، بىر قولدا ساياھەتچىلىكنى تۇتۇش» فاڭجېنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى : تۇرپاندا مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن . ئۇلارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيەت قىممىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى سىياسىي قىممەتكە ئىگە . شۇڭا ئۇلارنى چوقۇم ياخشى قوغداش كېرەك . مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ تۇرپاننىڭ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ، «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىيات لايىھىسى» نى تۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ياردىمىدە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ لايىھىگە دۆلەت راسخوت ئاجرىتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتتى ، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . تۇرپاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان ھەربىر ئادەم ھېس قىلالايدۇكى ، مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭنىڭ بۇ كۆرسەتمىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نۇقتىسىدىن ھەم سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ناھايىتى مول مەزمۇنغا ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە . تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە بۇ يولىيورۇققا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى .

ماقالىنى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەمىنلىگەن

ئابدۇغوپۇر ئوسمان تەرجىمىسى

تەرجىمە تەھرىرى : ئابلىم قېيۇم

# تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقتىن چېكىندۈرۈلۈشى ھەمدە قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە

ساۋۇت ئابدۇخالىق، ئالىم ئەنۋەر

تۇبۇتلەر ھازىرقى تىبەت (زاڭزۇ) لارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە خۇددى ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا ئالاھىدە قۇدرەت تېپىپ ئېلىمىزنىڭ غەربىي ـ شىمالىدا بولۇپمۇ ھازىرقى چىڭخەي، شىنجاڭ، گەنسۇ، شىنجاڭ تەۋەسىدە بىر مەھەل سەلتەنەت سۈرگەنىدى. ئەمما تۇبۇتلەر بەزىبىر ماتېرىياللاردا ۋە ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بېشبالىق ۋە قوچو رايونىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەس. ئورقۇن ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلغان ئاساستا قوچو ئۇيغۇر ئېلىنى تىكلىگەن ئەمەس. مەزكۇر ماقالىدە تارىخىي ماتېرىياللارنى ھەمدە ئالدىنقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقتا بىر مەزگىللىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ چېكىنىپ كەتكەن ۋاقتى، شۇنداقلا قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تىكلىنىشىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 1. تۇبۇتلەرنىڭ كۆچىيىشى ۋە غەربىي يۇرتقا كىرىشى

تۇبۇتلەرنىڭ ئەجدادى بولغان چياڭلار ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە تارىخىي خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان. تۇبۇتلەر بىرنەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەدرىجىي ھالدا تۇيخۇن، تاڭماۋ، تۇبۇت قاتارلىق بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇبۇت دۆلىتىنى بەرپا قىلغۇچى چىزوڭ نوڭزان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇبۇت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور. چىزۇڭ نۇڭزان 32 ـ ئەۋلاد زانپۇ (زانپۇ ـ كۇچتۇڭگۇر) بولۇپ، يەنە سوڭزان گەنبۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 629 ـ يىلى 13 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغانىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، ئىچكى قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەپ، بىرلىككە كەلگەن تۇبۇت دۆلىتىنى قۇردى. تۇبۇتچە يېزىق ئىجاد قىلدۇرۇپ ئومۇملاشتۇردى.

سوڭزان 650 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ماڭلۇن ماڭزان (650 ـ 676) زانپۇ بولدى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، باش ۋەزىر لۇدۇڭزان خانلىق ھوقۇقىنى تۇتۇپ، سوڭزاننىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تۇبۇتلەرنىڭ تېخىمۇ گۈللەنگەن دەۋرىگە قەدەم قويۇشىنى

ئىلگىرى سۈردى . 667 - يىلى لۇدۇڭزان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى زۇنيې دۇبۇ باش ۋەزىر بولدى . تۇبۇتلار ئەنە شۇ مەزگىللەردە غەربىي يۇرتقا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى .

تاڭ تەيزۇڭ — لى شىمىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ، دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ، چېگرا رايونلارنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى . ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆكتىچى كۈچلەر بولغان ئۇيغۇر ، سىرتاردۇشلارنى ئۆزىگە تارتتى . ھەتتا سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى ئىنازچىغا ئىنچۇ بىلگە قاغان نامىنى بەردى[1] شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركلەرنى كەڭ دائىرىدە قورشاۋغا ئېلىپ ، 630 - يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ بىراقلا بويسۇندۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق رەقىبى غەربىي تۈركلەر ئىدى . تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇشتا ئوخشاشلا شەرقىي تۈركلەرگە قوللانغان تاكتىكىنى قوللاندى . توغلا ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزىگە تارتىش بىلەن بىرگە تۇبۇتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ ، سوڭزانغا مەلىكە ۋېن چىڭنى ياتلىق قىلىش ئارقىلىق غەربىي تۈركلەرنى كەڭ دائىرىدە قورشاۋغا ئالدى . ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق بولۇشىنى كۈتتى . تەخت تالىشىش كۆرىشى يۈز بەرگەندە بولسا ، توغلا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ، 657 - يىلى غەربىي تۈركلەرنى بويسۇندۇردى . دېمەك ، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ھەرخىل تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ ئىدارە قىلىشنى باشلىدى . بۇ تۇبۇتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەتراپتىكى بارلىق دۆلەتلەر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ بولغان ، تۇبۇتلار بولسا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان ۋەزىيەت ئىدى . ناۋادا تۇبۇت خانلىقى بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمىسە ، تاڭ سۇلالىسى تۇبۇتلارنىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن يانمايتتى . شۇ سەۋەبتىن تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قورشاۋىنى بۇزۇپ تاشلاش مەقسىتىدە بىرقاتار ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى . ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا بېسىپ كىرىشىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچىنى يوقىتىپ ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدى[2] .

تۇبۇتلار 663 - يىلى تۇيخۇنلارنى قوشۇۋېلىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇبۇتلار رايونىغا بولغان كېڭەيمىچىلىكىنى توسىدى . 670 - يىلى غەربىي يۇرتقا قوشۇن كىرگۈزۈپ ، تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان 18 ئايماقنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن بىرلىشىپ كۈسەنگە ھۇجۇم قىلدى . تاڭ سۇلالىسى شۆربىنگۈينىڭ قوماندانلىقىدا لخاساغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، ئېغىر مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىندى . نەتىجىدە تۇبۇتلار تارىم ۋادىسىدىكى جايلارغا ئىگە بولىۋالدى . شۇندىن كېيىنكى 30 يىل جەريانىدا ، تاڭ سۇلالىسى تۇبۇتلاردىن ئەنشى تۆت قورغىنىنى (ھازىرقى قاراشەھەر ، كۇچا ، قەشقەر ، خوتەن دائىرىسىدە ) تارتىۋېلىش نىيىتىدە بەزىبىر ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، بىرەر چوڭ نەتىجىگە ئىگە

بولالمىدى . بەزىدە تاڭ سۇلالىسى ، بەزىدە
تۇبۇتلەر غەلىبە قىلىپ تۇردى . شۇ سەۋەب-
تىن تۇبۇتلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى
هۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان
دېيىشكە بولمايدۇ . 699 ـ يىلى زانپۇ چى
دوسۇڭ هاكىمىيەتنى مۇستەهكەملەش ،
باش ۋەزىر چىنلىڭنىڭ هوقۇقىنى چەكلەش
مەقسىتىدە ، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭ يېقىنلى-
رىدىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۇ-
رۇۋەتتى . چىنلىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ
زانپۇ بىلەن قارشىلاشقان بولسىمۇ مەغلۇپ
بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى . مۇشۇ ئىچ-
كى مالىمانچىلىقتىن كېيىن تۇبۇتلەر بىر
مەھەل غەربىي يۇرتقا بېسىم
ئىشلىتەلمىدى .

2 . تۇبۇتلەرنىڭ بېشبالىقنى ئىگىلە-
ۋېلىشى هەم چېكىندۈرۈلۈشى

8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاڭ سۇلا-
لىسى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى
تالىشىشى ئىلگىرىكىدەك جىددى بولمى-
دى . ئىككى تەرەپنىڭ نىشانى بولۇر دۆلى-
تى ئىدى . 747 ـ يىلى ئەنشى قورۇقچى-
بېگى گاۋ شيەنجى بولۇر رايونىنى ئىگىلە-
ۋالغان تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ ،
3000 كىشىلىك قوشۇننى قالدۇرۇپ مۇ-
داپىئەدە تۇرغۇزدى .

763 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇبۇتلەر تاڭ
سۇلالىسى چېگرىلىرىغا كەڭ كۆلەملىك
هۇجۇم قوزغىدى . هەتتا چاڭ ئەننى ئىش-
غال قىلىپ 15 كۈن تۇرۇپ بۇلاڭ ـ تالاڭ
ئېلىپ بېرىپ قايتىپ چىقتى[3] . شۇنىڭ-
دىن ئېتىبارەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزىلىپ تاڭ
سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق ۋە قوچودىكى ئاز

بىر قىسىم قوشۇنى يېتىم هالەتكە چۈشۈپ
قالدى . 781 ـ يىلى تۇبۇتلەر ئۈمۈرغولغا
هۇجۇم قىلدى . ئۈمۈرغولدىكى ئايماق بېگى
يۈەن گواڭتىڭ تەڭ كېلەلمەي ، ئوزۇقلۇق
ۋە لەشكەرلەر تۈگىگەن ئەھۋالدا ئۆزىنى
كۆيدۈرۈپ ئۆلىۋالدى . 783 ـ يىلى تاڭ
سۇلالىسى چىڭشۈي (گەنسۇنىڭ هازىرقى
چىڭشۈي ناهىيىسى ) دە تۇبۇتلەر بىلەن
كېلىشىم ئىمزالاپ ، تۇبۇتلەرنىڭ ئىگىلە-
ۋالغان زېمىنلىرىنى تۇبۇت خانلىقىنىڭ
تېررىتورىيىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى .
784 ـ يىلى ئاسى سانغۇن جۇسى توپىلاڭ
قىلىپ چاڭئەننى ئىگىلىۋالغاندا ، تاڭ دې-
زۇڭ تۇبۇتلەردىن ياردەم سورىدى . تۇبۇت-
لەر جۇسىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ
بەدىلىگە قوچو بىلەن بېشبالىقنى تۇبۇتلەر-
گە بېرىدىغان بولۇپ كېلىشىم تۈزدى . بى-
راق ، تۇبۇتلەر جۇسىنى يوقاتقاندىن كې-
يىن ، تاڭ دېزۇڭ ۋەزىر لى بىنىڭ مەس-
لىھەتى بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى ، ئە-
رەبلەر ۋە جەنۇبتىكى نەنجاۋ ئېلى بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ ، تۇبۇتلەر
تەرەپ ـ تەرەپتىن تەهدىتكە ئۇچرايدىغان
ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى .

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى تەدرىجىي كۈ-
چىيىپ ، كەييۈەن يىللىرى (713 ـ
742 ) دا باسمىل ، قارلۇق قەبىلىلىرىنى
بويسۇندۇرۇپ ، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى
كېڭەيتكەنىدى . بېشبالىق ئەتراپىدا ياشاي-
دىغان باسمىللار ئولتۇراق تۇرمۇشىغا ئۆ-
تۈپ بولغانىدى[1] . 763 ـ يىلى تۇبۇتلەر
خېشى رايونىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ،
بېشبالىق ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تە-
سىر دائىرىسىدە قېلىۋەردى[5] . 784 ـ
يىلى دېزۇڭخانىنىڭ قوچو بىلەن بېشبالىق-

نى تۆبۆتلەرگە بېرىشكە قوشۇلغانلىقى ، ئەمەلىيەتتە تۆبۆتلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان بېسىمنى يەڭگىللىتىپ ئۇلارنىڭ نىشانىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان . بۇندىن باشقا تاڭ سۇلالىسىنىڭ نەزىجاۋ ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ، تۆبۆتلەرنى ھەربىي كۈچىنى تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى . تۆبۆتلەرنىڭ بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىشىنى ، بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا زەربە بېرىش دېسەك ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر يولىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ئىگىلەپ ، ئىتتىپاقتا قاتناشقان ئەرەبلەرنىڭ شەرق بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ ، تاڭ سۇلالىسىنى يېتىم قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۆبۆت ئاقسۆڭەكلىرىگە نىسبەتەن مۇۋاپىق تەدبىر ھېسابلىناتتى . تاڭ ۋەزىرى لى بى بۇنى ئوبدان چۈشەنگەچكە ، ئالدى بىلەن يېقىن قوشنا ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە تارتىش تەكلىپىنى بەردى . بۇ چاغلاردا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىدە ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان تونباغا (780 ـ 789 ) بار ئىدى . 788 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا شيەنئەن مەلىكىنى ياتلىق قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ 回纥 نى 回鹘 گە ئۆزگەرتتى . 鹘 كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلغۇچى شۇڭقار دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى .

تۆبۆتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقنى تالىشىپ قىلغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە ماتېرىياللار خېلى كۆپ . تۆبۆتلەر 789 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېشبالىققا ھۇجۇم قىلغان . ئۇيغۇر ۋەزىرى ئېل ئۆگەسى 790 ـ يىلى باھاردا قوشۇن باشلاپ كېلىپ بېشبالىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆبۆتلەر بىلەن جەڭ قىلغان . بېشبالىق ھىراۋۇلى ياڭ شىگۇ قەلئە ئىچىگە قامىلىپ قالغانىدى . شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ، قاغان ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئېل ئۆگەسى ئوردىغا قايتمىغان[6] . بۇنىڭدىن بېشبالىقنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئەمما 6 ـ ئايدا ئېل ئۆگەسى غەلىبە قىلالماي ئوردىغا قايتتى . ياڭ شىگۇ 2000 ئادىمى بىلەن قوچوغا قېچىپ كەتتى . شۇ يىلى كۈزدە ، ئېل ئۆگەسى ئەل ئىچىدىكى باتۇر ئەزىمەتلەردىن بەش تۈمەن كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ، ياڭ شىگۇنى چاقىرتىپ ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تۆبۆتلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى . «بىراق يەنىلا مەغلۇپ بولۇپ ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى . ياڭ شىگۇ قېپقالغان 160 ئادىمىنى ئېلىپ قوچوغا قېچىپ كەتتى»[7] مانا بۇ خاتىرىلەردىن قارىغاندا ، ئۇرۇش ناھايىتى دەھشەتلىك بولغان . گەرچە تۆبۆتلەر غەلىبە قىلىپ بېشبالىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ ، تۆبۆتلەرمۇ ئوخشاشلا ئېغىر چىقىم تارتتى . بىراق تۆبۆتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىركىشىشى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى . «كونا تاڭنامە» دە 791 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ بېشبالىقتا تۆبۆتلەر بىلەن قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغاندا قولغا چۈشۈرگەن ئەسىر ۋە چارۋىلارنى تەقدىم قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە بار . شۇندىن

كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئىككى تەرەپ بىر ـ
بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىپ تۇرغان
بولسىمۇ ، بىر ـ بىرىنى ئۈزۈل ـ
كېسىل مەغلۇپ قىلىشالمىدى . ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا 790 ـ
يىلىدىن 795 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
قاغانلىق ئورنى دېگەندەك مۇقىم بولۇپ
كەتمىدى . بۇنداق ئەھۋالدا كۈچىنى مەر-
كەزلەشتۈرۈپ بېشبالىققا ھۇجۇم قىلىشى-
مۇ قىيىن ئىدى . تۇبۇتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ
ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەت-
مەيتتى . تۇبۇتلەر بېشبالىقتا نۇرغۇنلىغان
ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلغانلىقتىن ، 794 ـ
يىلى ئەتراپىدا ئەنجاۋ بەگلىكىدىن بىر تۇ-
مەن ئەسكەر ئالماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ
دەلىلىدۇر [8] .

795 ـ يىلىغا كەلگەندە ئورقۇن ئۇي-
غۇر خانلىقىغا تەڭرىدە ئۈلۈگ بۇلمىش
ئالپ قۇتلۇغ ئۈلۈغ بىلگە قاغان (795 ـ
808 ـ يىللار تەختتە ، قۇتلۇق قاغان )
قاغان بولدى . ئۇ پاراسەتلىك ، تەدبىرلىك
خان بولغاچقا ، ئورقۇن خانلىقى قايتىدىن
گۈللىنىشكە قەدەم قويىدى . تۇبۇتلەردە بول-
سا بۇ مەزگىللەردە ئىچكى مالىمانچىلىق-
نىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى .
چىسۇڭ دېزان زانپۇ (754ـ 797 ) نىڭ
ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە ، شاڭ جې-
زان باشچىلىقىدىكى ئەمىر ئەۋلادلىرى ھا-
كىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، زانپۇ-
نىمۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى . تۇبۇت-
لەرنىڭ خان جەمەتى لۇن ( 论 ) ، ئەم-
ىرلەر جەمەتى شاڭ ( 尚 ) دېيى-
لەتتى . 797 ـ يىلى چىسۇڭ دېزان ئۆ-
لۈپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تې-
خىمۇ كەسكىنلەشتى . تۇبۇت خانلىقىمۇ
ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى يوقىتىپ زەئىپلە-
شىشكە يۈزلەندى . ئىككى يىلغا يەتمىگەن
ۋاقىت ئىچىدە ئىككى زانپۇ سۇيىقەست بى-
لەن ئۆلتۈرۈلدى . 798 ـ يىلى تەختكە
چىققان چىلى سۇڭزان دەۋرىدە ، راھىبلار-
نىڭ ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىشى ئېغىرلى-
شىپ ، ئۇلارمۇ بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ
شەكىللەندى . دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ ئىچ-
كى جەھەتتە بۆلۈنۈشكە قاراپ يۈزلەندى .
دېمەك ، ئىككى خانلىقنىڭ ئەمەلىي كۈچى-
دە ئۆزگىرىش بولدى . قۇتلۇق قاغانغا دا-
ئىر خەنزۇچە مەلۇماتلار كۆپ ئەمەس .
چۈنكى قۇتلۇق قاغاننىڭ ئاساسلىق پائالى-
يىتى غەربىي يۇرتتا تۇبۇتلەرگە زەربە بې-
رىش ھەمدە قارلۇقلارنى بويسۇندۇرۇش
بولدى . ئەمما «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭ-
گۇ تېشى» دىكى مەلۇماتلارنى بىرلەشتۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىگە ئاساسلان-
غاندا ، قۇتلۇق قاغان 800 ـ يىلى ئەتراپى-
دا بېشبىلىقنى قايتۇرۇۋالغان [9] . تۇبۇتلەر
بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقنى تالىشىشى
ئون يىل ئەتراپىدا داۋاملىشىپ ، ئاخىرى
ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئا-
خىرلاشتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورقۇن
ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر ، بېش-
بالىق ئىزچىل تۈردە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى-
نىڭ ئىلكىدە بولغان .

### 3 . ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەمدە قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تىكلىنىشى

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇبۇتلەر بى-
لەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى خانلىقنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچىنى زور دە-
رىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى . شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن ، خانلىق تەۋەسىدىكى ئۆكتىچى
قەبىلىلەر كۆپىيىپ باردى . 9- ئەسىرنىڭ
30 - يىللىرىغا كەلگەندە ، ئوردا ئىچىدى-
كى زىددىيەتلەر كۈچىيىپ هاكىمىيەت تا-
لىشىش كۈرەشلىرى كەسكىنلىشىپ بار-
دى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئىي
ئاپەتلەر يىلمۇيىل يۈز بېرىپ ، خانلىقنىڭ
ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى . مانا
مۇشۇنداق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كرى-
زىسكە پاتقان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلى-
قى 840 - يىلى قىرغىزلارنىڭ هۇجۇمى
بىلەن ۋەيران بولۇپ ، ئۇيغۇرلار تەرەپ -
تەرەپكە كۆچۈشكە باشلىدى . تاڭ سۇلالى-
سىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاسا-
سلانغاندا ، ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى جەنۇب ۋە
غەرب يۆنىلىشى بويىچە كۆچكەن . غەربكە
كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۆلۈ-
نۈشكە باشلىغان . بىر قىسمى خېشى رايو-
نىغا يۈرۈش قىلغان . ئاساسلىق قىسمى دا-
ۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ باركۆل ياي-
لىقى ، ئىۋىرغول ، لاپچۇق ، بېشبالىق ،
يۇلتۇز ۋادىسى قاتارلىق كەڭ رايونلارغا
ئورۇنلاشقان . چۈنكى بۇ رايونلار ئورقۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلى-
رى ئىدى . شۇڭلاشقا قاراشەھەر تەۋەسىگە
بازا قۇرغان پان تېكىن 850 - يىلى ئەترا-
پىدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ ، بېشبالىق
ۋە قوچو رايونلىرىغا ۋاكالەتچى ئەمەلدار-
لارنى ئەۋەتىپ ئىدارە قىلغان .

تاڭ سۇلالىسى 856 - يىلى پان تې-
كىنگە نام - ئاتاق ئىنئام قىلىپ ، ۋاڭ
دۇەنجاڭنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولسىمۇ
ۋاڭ دۇەنجاڭ ئىۋىرغول ئەتراپىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ۋە-
زىپىسىنى ئورۇنلىيالماي قايتىپ
كەتكەن [10] . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئى-
ۋىرغول ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار پان تېكىن-
نىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان .
بېشبالىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز
ئالدىغا يول تۇتقان بولسا كېرەك ، ئۇلار
بۆگۈ تېكىننىڭ رەهبەرلىكىدە
قۇدرەت تېپىپ ، 866 - يىلى بېشبالىق ،
ئۈرۈمچى ، قوچو قاتارلىق جايلارنى تىز-
گىنلەپ قوچو ئۇيغۇر ئېلىنى تىكلىدى .
تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىكى بۆگۈ تې-
كىننىڭ بېشبالىقتا هۇجۇم قىلىپ ، تۇبۇت
سەركەردىسى شاڭ كۇڭرېنى ئۆلتۈرگەنلى-
كى ، خاتىرىنىڭ خاتا پۈتۈلگەنلىكى بو-
لۇپ ، ئەمەلىيەتتە تۇبۇت خانلىقى 846 -
يىلىلا ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت تۈپەي-
لىدىن پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن . ئۇ-
نىڭ بۇ مەزگىللەردە بېشبالىقتا قايتىدىن
هۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغۇدەك ھەربىي كۈ-
چىمۇ يوق ئىدى . تارىخنامىلەردە تىلغا ئې-
لىنغان شاڭ كۇڭرېنىڭ پائالىيەت دائىرى-
سى ، هازىرقى چىڭخەي تەۋەسىگە توغرا
كېلىدىغان شەنجۇ ، كوجۇ ئايمىقى ئىدى .
مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۇبۇت شاڭ
بىبى سەركەردىسى توباخۇيگۇاڭ
شيەنتۇڭنىڭ 7 - (مىلادى 866- ) يىلى
10- ئايدا «500 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن
كوجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، لۇن
(شاڭ ) كوڭرېنى تىرىك تۇتۇپ ، ئالدى
بىلەن پۇتىنى كېسىپ قاتتىق قىيىنىغان ،
ئاندىن كاللىسىنى ئېلىپ ئاستانىگە ئەۋە-
تىپ بەرگەن » [11] دېمەك قوچو ئۇيغۇر ئېلى
تۇبۇتلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىغان ئاساستا قۇرۇلغان ئەمەس . بەل-
كى بېشبالىق ئەتراپىدىكى باسمىللارنىڭ
ئالاھىدە قوللىشى بىلەن قۇرۇلغان . قاغان-

نىڭ ئىدىقۇت دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى باسمىللار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانىنى ئىدىقۇت نامى بىلەن ئاتايتتى ⑫، شۇڭا بۇ خانلىق ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىزاھات

① «كونا تاڭنامە» 199 ـ جىلد شىمالىي دىلار تەزكىرىسى

② فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىلى 5 ـ ئاي، بېيجىڭ نەشرى. 4 ـ قىسىم 22 ـ بەتلەر.

③ «كونا تاڭنامە» 196 ـ جىلد تۇبۇتلەر تەزكىرىسى

④⑫ بارتولد «تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيىنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، سۇ بېيخەينىڭ «قوسلاردىن قوچو ئۇيغۇرلىرىغىچە» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. «غەربىي ـ شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑤⑨ مېڭ فەنرېن «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىقنى تىزگىنلەش جەريانى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑥⑦ «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد ئۇيغۇرلار تەركىزىسى.

⑧ «كونا تاڭنامە» 197 ـ جىلدى. جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبتىكى بەدىۋىلەر تەزكىرىسى.

⑩ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 249 ـ جىلد.

⑪ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، «تاڭ خاتىرىلىرى» 250 ـ جىلد.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتىنىڭ لېكتورى)

تەھرىرلىگۈچى: ئى. يۇسۇپ



# چىڭگىزخان ۋە بارچۇق تېكىن

ئىمىن تۇرسۇن

چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت بارچۇق تېكىننىڭ، جۈملىدىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن بۈيۈك ئېدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا، تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەتلەردە ۋە مەزكۇر زاماندىكى تارىخىي ئەھۋالنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەرخىل پىكىرلەر بايان قىلىنغان. لېكىن بەزى پىكىرلەردە ئەمەلىيەت ئۆز ئەينىچە بايان قىلىنماستىن، پەرەزلەر ۋە شەخسىي مۇتالىئەلەر ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغان. بۇ مەسىلىنى كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق ئۆگىنىپ بېقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

13 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرنىڭ ئەھۋالى تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇنداق قەيت قىلىنغان:

(قوچو) ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىچكى ئەھۋالاتى توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىياللار كەمچىل. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە كۆپ داۋالغۇش بولۇپ، خانلىق زەئىپلىنىشكە يۈزلەنگەن، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات بالدۇرقىدىن خېلى تۇرغۇنلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئىچكى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن بىر مەزگىل ئىدى. بۇنىڭ تاشقى سەۋەبلىرى بار.

ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا: موڭغۇل يايلىقىدا، تېموچىن بىرقاتار جەڭلەرنى قىلىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قوڭقرات، دوربان، ئونغوت ۋە باشقا قوۋملەر تېموچىنغا بويسۇنغان ئىدى. تېموچىننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى زورايغاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، چىڭگىزخان دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئەتراپقا تونۇلغان.

چىڭگىزخان ئەتراپىدىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن رىجىلەر تۈزۈپ، ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى ئالتۇنخانغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى، موڭغۇل يايلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاڭغۇت (غەربىي شىيا) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئەل بولۇپ باج - خىراج تۆلەش توغرىسىدا شەرتنامىگە قول قويدۇرغان.

ئاندىن شەرقتىكى كۈچلۈك رەقىبى: ئالتۇنخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان. ئالتۇنخان (جىن سۇلالىسى) جورجىتلار قۇرغان خانلىق بولۇپ، بۇلار زورايغاندا 12 - ئەسىردە كىتان (لياۋ) خانلىقىنى تارمار قىلغان ئىدى. كىتان سەردارلىرىدىن ياللىغ تاشىن بىر قىسىم قوۋمىنى باشلاپ، غەربكە يۈرۈپ، ئېمىل بويىدا كۈچ توپلىغان ۋە بارا - بارا يەتتەسۇ رايونىنى ئىگىلەپ، فەرغانە رايونىنى قولغا كىرگۈزگەن؛ ئاخىر، قاراخانىلارنىڭ پايتەختلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «گورخان» دەپ جاكارلىغان. تۈرلۈك تەدبىرلەر بىلەن قاراخانىلار تەۋەسىنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاننىڭ ئۈستىگە قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىمۇ ئۆزىگە قارام قىلىپ، بۇ ئەلگە «شاۋكەم» (نازارەتچى) قويغان ئىدى.

موڭغۇل يايلىقىدا چىڭگىزخانغا بويسۇنمىغان نايمانلار باشلىقى تاي بۇقا (تايان خان) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك قالدۇق كۈچلىرىنى يې-

غىپ ، ئېرىتىش بويىدا قارشىلىق كۆر-
سەتكەن . لېكىن قاتتىق يېڭىلىپ ، بىر
رىۋايەتتە غەربىي جەنۇبقا قاراپ قېچىپ ،
يولتۇز - كوچا تەرەپلىرىدە قانقىپ يۈر-
گەن . يەنە بىر رىۋايەتتە ، يەتتەسۇ تەرەپكە
ئۆتۈپ ، ئاخىر كاشغەرغە كېلىپ ، گور-
خانغا ئەل بولغان ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىگە
كىرگەن . كۈچلۈك تۈرلۈك ھىلە - مىكىر
بىلەن گورخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بو-
لۇپ ، ئاستىرتتىن كۈچ توپلىغان ، ئاۋۋال
چىڭگىزخانغا بىرلىكتە قارشى چىققان
مېركىت سەردارى توقتا بېگىنىڭ ئوغلى
قۇل توغان بىلەن بىرلەشكەن . ئاخىر ،
گورخاندىن يۈز ئۆرۈپ گورخانغا قارشى
چىققان . غەربتە ، پۈرسەت كۈتۈپ تۇرغان
مۇھەممەد خارەزمشاھ گورخان تەۋەسىگە
ھۇجۇم باشلىغان . مۇشۇ ئارىلىقتا ، كۈچ-
لۈك ئالمالىقتىن كاشغەر تاكى بىنا كەتكە-
چە بولغان رايونلارنى قولغا كىرگۈزۈۋال-
غان ئىدى . گورخاننىڭ ئۆرگەنچتە مۇھەم-
مەد خارەزمشاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەند-
لىكىنى ئاڭلىغان كۈچلۈك يەم بىلەن
گورخاننى ئەسىرگە ئېلىپ ، ئۇنىڭ قوشۇ-
نى ۋە زېمىنىنى قولغا كىرگۈزگەن . كۈچ-
لۈك ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزۈلگەن
رايونلاردا قاتتىق زۇلۇم - ستەم ، قىر-
غىن قىلىپ ، ئاھالىنى ئاياق
ئاستى قىلغان .

گورخان زامانىدا ، قايالىقنى ئارسلان
خان گورخاننىڭ شەھنەسى (شاۋكەم —
نازارەتچىسى ) بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىدارە
قىلىپ تۇرغان . شۇ مەزگىلدە ئالمالىق
تەۋەسىدىكى قوياس تەرەپتە قارلۇقتىن
چىققان قارام باتۇر ئوزار قاراقچىلىق قى-
لىپ يۈرگەن . بۇلارمۇ كۈچلۈككە قارشى
چىقىپ ، چىڭگىزخانغا ئەل بولغان .

شەرقتە ، چىڭگىزخان تاڭغۇ-
ت ۋە جۇرجىتلارنى بويسۇندۇر-
غاندىن كېيىن ، غەربىي دىيارغا يۈرۈش
قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى .

شۇڭا ، دۇنخۇاڭدىن كۈچاغىچە بولغان
رايوندىكى بۈيۈك قوچو ئۇيغۇر ئېلى ئومۇ-
مىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ، چىقىش يولىنى
ئىزدىگەن ۋە گورخاننىڭ قاراملىقىدىن قۇ-
تۇلۇپ ، چىڭگىزخانغا قوشۇلۇش يولىنى
تۇتقان .

مانا مۇشۇنداق ئىچكى ۋە تاشقى شارا-
ئىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ، قوچو ئۇيغۇر
ئېلىنىڭ خانى ئىدىقۇت بارچۇق تېكىن ،
ۋەزىرى بىلگەنىڭ مەسلىھەتى بويىچە گور-
خاننىڭ قوچودىكى نازارەتچىسىنى ئۇجۇق-
تۇرۇپ ، گورخانغا قارشى جەڭ ئېلان قىل-
غان . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، قۇت ئالمىش
قايا ، ئۇمار ئوغۇل ، تاربايلارنى ئەلچى قى-
لىپ ئەۋەتكەن . جۈملىدىن : «قاغاننىڭ
داڭقىنى ئاڭلاپ ، خۇددى بۇلۇتنى يېرىپ
چىققان قوياشنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئىل-
تىپات قىلسىڭىز ، مەن سىزگە بەشىنچى
ئوغۇل بولۇپ ، سىز ئۈچۈن كۈچ چىقى-
رىشنى خالايمەن» دەپ ئۆز خاھىشىنى بىل-
دۈرگەن . چىڭگىزخان بۇ ئەلچىلەرنى بەك
ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە : «ئىدى-
قۇت شەخسەن ھوزۇرۇمغا ئۆزى كەلگەي ،
قىزىمنى بېرىمەن ھەم بەشىنچى ئوغلۇم
قىلىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن . ھەمدە
دورباي دېگەن سەركەردىسىگە ئەل بۇيرۇ-
قى- ئات قىراقنى ياردەمچى قىلىپ قوچوغا
ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن . قوچو خانى - ئىدى-
قۇت بۇ جاۋابتىن ئىنتايىن مەمنۇن بو-
لۇپ ، تەييارلىق قىلىپ قاغاننىڭ ھوزۇر-
غا باردىغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ،
بوغۇش ئىش ئايغۇچى ۋە ئالتۇن تېمۇرلەر-
نى ئالدىن مەلۇم قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن
جاۋاھىر ، تاۋار - تورقا قاتارلىق سوۋغات
بىلەن چىڭگىزخانغا ياندۇرۇق سالامغا ئە-
ۋەتكەن .

ئىدىقۇت بارچۇق تېكىن دەرھال يولغا
چىقىپ ، چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا بارغان

ۋە چوڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن . چىڭگىز-
خاننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بو-
لۇشۇپ شەرتلەشكەن . شان ـ شۆھرەت بى-
لەن ئۆز ئېلىگە قايتقان .

چىڭگىزخان نايمان كۈچلۈكنى جازا-
لاش ئۈچۈن جەبەنويان ، سۇبۇتايلارنى بۇي-
رۇغاندا ، بارچۇق تېكىنمۇ ئۆز قوشۇنىدىن
چەۋەندازلارنى قوشقان . چىڭگىزخان مۇ-
ھەممەد خارەزمشاھ ئۈستىگە يۈرۈش قىل-
غاندا ، بارچۇق تېكىن ئۆز قوشۇنى بىلەن
چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ جەڭ
قىلغان . چاغاتاي بىلەن ئوكتايغا قوشۇلۇپ
ئوترارنى ئىشغال قىلغان . ئۇنىڭدىن كې-
يىن تۆربىي توقسىن ، ياسا ئۇر ، خاداق
قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن بىللە ، ۋە-
خش ، ئوكسۇس (ئامۇ ) رايونلىرىنى ئى-
گىلىگەن . «جەڭلەردە ئالدىدا سەپ يېرىپ
ماڭغان . قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بو-
لۇپ ، يۈنەلگەن ياقتا زەپەر قازىنىپ ئىل-
گىرىلىگەن . يەنە چىڭگىزخان بىلەن بىللە
نىشاپور ، خىشى (غەربىي شيا —
تاڭغۇت ) لارنى پەتھى قىلىشتا ، چوڭ خىز-
مەت كۆرسەتكەن . »

بارچۇق تېكىنىنىڭ كۆرسەتكەن خىز-
مەتلىرىنى تارتۇقلاپ ، چىڭگىزخان ئۆز قى-
زىنى ئىدىقۇت بارچۇققا بەرمەك بولغان ،
لېكىن چىڭگىزخان ۋاپات قىلغاچقا ، توي
قىلىنماي قالغان . بارچۇق تېكىن ئۆز يۇر-
تىغا قايتىپ ئۆز ئېلىدە بالدۇرقىدەك ھۆ-
كۈمران بولۇپ تۇرغان .

بۇ ھەقتە ، جۇۋەينى «جاھان كۈشاي»
دا ، راشىدىددىن «جامىئۇت تەۋارىخ» دا ،
بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى «ئالتۇن بېكە» دەپ
يازغان . «يۈەن تارىخى» (122 ـ جىلد ،
تەزكىرىلەر Ⅳ قىسمىنىڭ «بارچۇق
ئارت تېكىن تەزكىرىسى» ) دە ، «ئەل
ئالتۇن» ، يەنە شۇ تارىخنىڭ 109 ـ جىل-
دىدە (ئانكىتلار Ⅳ — قونچۇيلار جەدۋىلى-
دە ) «ئەل قاتۇن» دەپ يېزىلغان . روۋى-
روك مەزكۇر قىز بارچۇق تېكىنگە چاي
ئىچكۈزۈلگەن ياكى توي قىلىپ بېرىلگەن-
لىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزى-
نىڭ «ساياھەتنامە» سىدە : «بۇ ئۇيغۇرلار
ئەزەلدىن جايلاشقان شەھەرلەردە ياشاۋەر-
گەن . شۇڭا چىڭگىزخان ئۆز قىزىنى ئۇ-
نىڭغا ياتلىق قىلغان» دەپ يازغان . ئەمما ،
بەزى سالنامىچىلار بۇنى ئىنكار قىلغان .

ئوكتاي تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن
ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ،
ئالتۇن بېكەنى ئىدىقۇت بارچۇق تېكىنگە
ياتلىق قىلغان . ئالتۇن بېكە ئىدىقۇت ئور-
دىسىغا كەلمەي تۇرۇپ ۋاپات قىلغان . بىر
مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوكتاي خان
ئالچىن بېگە (بەزى كىتابلاردا يېزىلىشىچە
«ئالاي بېچىن» )نى ئىدىقۇتقا ياتلىق بو-
لۇش ئۈچۈن يولغا سالغان . بۇ بېكە يېتىپ
كەلگىچە ، ئىدىقۇت بارچۇق تېكىن ۋاپات
قىلغان . كېيىن ، قىسمايىن تېكىن ئاتىسى
بارچۇقنىڭ ئورنىغا ئىدىقۇت بولۇپ ، ئال-
چىن بېكە بىلەن توي قىلغان . (بەزى تارى-
خىي مەنبەدە يېزىلىشىچە ، ئالچىن بېكە
ئوكتاي خاننىڭ قىزى ئىكەن ) .

ئۇيغۇر ئېلى مەدەنىيەتلىك ئەل بول-
غىنى ئۈچۈن ، دۆلەت تەشكىلاتى مۇنتىزىم
ئىدى ۋە تۇرلۇك تۈرۈ ـ تۈزۈنلىرى بار
ئىدى . موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۇنىڭ قا-
نۇن ـ تۈزۈملىرىنى ، يېزىقىنى قوبۇل
قىلدى . خادىملار جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ھەر-
بىيلەر ۋە سىياسىئونلار ، مەرىپەتچىلەرنى
ئىشلەتتى . ھەتتا دىندارلار ۋە ئادەتتىكى
زىيالىلارنىمۇ خىزمەتكە سالدى . ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى ۋە تالانت ئىگىلىرى موڭغۇل-
لارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئىران ـ
خوراسان رايونلىرىنى ئىگىلەپ ، ھۆكۈم-
رانلىق قىلىشىدا چوڭ رول ئوينىغان .

چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا ، قول
ئاستىغا كىرگۈزگەن زېمىنلەردىن ئوغۇل-
لىرىغا «ئۈلۈش» قىلىپ بەرگەندە ، ئىدى-

قۇت بارچۇقنىڭ تەۋەسى «ئۇلۇش» كە كىرگۈزۈلمەي، بالدۇرقىدەك ئىدىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. قارام ئەللەرگە دارۇغاچىلار قويۇلغاندا بۇنىڭغا باشقا قارام ئەللەردىن ئۆزگىچە مۇئامىلە قىلىنغان. چاغاتاي «ئۇلۇشى»مۇ «ئۇيغۇرىيە» «ئۇيغۇر ئېلى، ئۇيغۇر چېگرىسىدىن تاكى سەمەرقەنت، بۇخاراغىچە بولۇپ، چاغاتاي ئۆزى ئالمالىق تەۋەسىدىكى قوياستا تۇرغان.

سالۇن تېكىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئېلىگىمۇ دارۇغاچ قويۇلغان. بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. مۆڭكۇخان زامانىسىدا بارچۇقنىڭ نەۋرىسى سالۇن تېكىن ئىدىقۇت بولغاندا، ئۇنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىلگە قۇتى، بولمىش قايا، ساغۇن ئىدكەچ سۇيقەست پىلانلىغان: بىرى، بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلماق بولغان؛ يەنە بىرى ئوغۇل قايمىش (كۆيۈكنىڭ تول خوتۇنى) ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — قوچا بىلەن ناقۇنى زىيارەت قىلىش بانىسى بىلەن ئۇلار تۇرغان ئوردا ياقىسىغا بارگاھ قۇرغان ۋە ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، بارىمتاي قىلىش بەدىلىگە، تېخىمۇ چوڭ ھوقۇققا ئېرىشمەك بولغان. ئاخىر، بۇ سۇيقەست پاش بولۇپ قېلىپ، مۆڭكۇ خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆگرۈنچ بۇرادىرى سالۇن تېكىننىڭ كاللىسىنى ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئېلىگە باشقا قارام ئەللەردىكىدەك دارۇغاچ قويۇلغان ۋە مۇھىم ـ ستراتېگيىلىك ئورۇنلاردا قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

«يۈەن تارىخى» 109 ـ ۋە 122 ـ جىلدلەر ـ «بارچۇق ئارت تېكىن تەزكىرىسى» ۋە «ئانكىت ـ جەدۋەللەر»، «يۈەن مەخپىي تارىخى» 11 ـ ۋە 122 ـ، 130 ـ جىلدلەر.
ۋېي يۈەن؛ «يېڭى تۈزۈلگەن يۈەن تارىخى» 26 ـ جىلد.
«دۆلەت قۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابلار تەزكىرىلىرى».
«داۋيۈەن شۆگۈلۈ» («داۋيۈەننىڭ قەدىمكىلەردىن ئۆگەنگەنلىرى») 24 ـ جىلد، «قوچو پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» دىكى «تەيزۇڭ باش ئوردىسىدا يېكەيارغۇچى قوچو خاننىڭ مۇقەددەس ئابىدىسى».
يۇ بايان: «ئىچكى موڭغۇلنىڭ قىسقىچە تارىخى» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1960 ـ يىل.
«موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى.
راشىددىدىن فەزلۇللاھ ھەمەدانى «جامىئۇت تەۋارىخ» ي. بلوخېت نەشرى، II توم.
ئەلا ئۇددىن ئەتامەلىك — جۇ ۋەينى «تارىخ جاھانگوشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، كۆكخوت. ۋ. ۋ. باتولد «چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى»، س. پېتربۇرگ، 1896. يەنە «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» 1898 ـ يىل.
پ. پېللىئوت، ل. ھامبىس «ھېڭگىزخاننىڭ شەخسەن ھەربىي يۈرۈشلىرى» I جىلد، لەيدۇن، 1951.

تەھرىرلىگۈچى: ئى. يۈسۈپ

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تابغاچ» ئاتالغۇسىغا ئىنىقلىما

مۇختار ماموت سابىت

(1)

«تابغاچ» (拓跋 ، tabɣac) نامى يېقىنقى يىللاردىن بېرى تارىخىي مەنبەلەردە كۆپلەپ ئۇچراشقا باشلىدى ، شۇنداقلا بۇ نامغا بېرىلىۋاتقان ئىزاھلارمۇ ھەرخىل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ . يەنى بەزى ماتېرىياللاردا «تابغاچ» دېگەن ئىسىم «تاڭ سۇلالىسى» نى كۆرسىتىدۇ دېيىلسە ، بەزى ماتېرىياللاردا «تابغاچ» دېگەن نام تۈرە ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھۆرمەت نامى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ . لېكىن بەزى چەت ئەل مەنبەلىرىدە بولسا «تابغاچ» ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ نامى ، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەدىمىي مىللەت دەپ بىرقەدەر توغرىراق كۆرسىتىۋاتىدۇ .

ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تابغاچ» ئاتالغۇسىغا ئوخشاش بولمىغان بەش خىل ئىزاھ بېرىلگەن . بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 ـ ۋە 2 ـ ئىزاھ بىرقەدەر توغرا ۋە مۇكەممەلرەكتۇر ، يەنى 1 ـ ئىزاھتىكى « ‹تاۋغاچ› ، ‹ماچىن› ، ئېلىنىڭ نامى ، بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول يىراقلىقتا ، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ : بىرىنچى ، يۇقىرى چىن ، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ ، ‹تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ ؛ ئىككىنچى ، ئوتتۇرا چىن بولۇپ ، ‹خىتاي› دەپ ئاتىلىدۇ ؛ ئۈچىنچى ، تۆۋەن چىن بولۇپ ، ‹بارخان› دەپ ئاتىلىدۇ دەيدۇ ، شۇنداقلا 2 ـ ئىزاھىدا : ‹تاۋغاچ› ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى . ئۇلار ‹تاۋغاچ› يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن ، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ . ‹تات› ، ئۇيغۇر دېمەكتۇر ، ‹تاۋغاچ› ، چىنلىق دېمەكتۇر» دەيدۇ .①

«تابغاچ» دېگەن نامنىڭ تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ ، دېگۈچىلەرنىڭمۇ دەلىللىگۈدەك ئاساسى بار . يەنى مىلادى 732 ـ ، 734 ـ يىللىرى تىكلەنگەن كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىغا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنى ئاساس قىلىدۇ . كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ 51 — 53 ـ قۇرلىرىدا ، 732 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ، كۆل تېكىنىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقان ئەلچىلەرنىڭ تىزىملىكىدە : (51) تەزىيە بىلدۈرۈش ، ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن قىتان ۋە تاتابى خەلقىگە ۋاكالىتەن (52) ئۇدار سانغۇن كەلدى . تابغاچ قاغانىدىن ئىسىي ۋە لىكەڭ كەلدى . . . . ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار ، نەققاشلار ، پۈتۈك تاش ياسايدىغان ئۇستىلارنى (باشلاپ) تابغاچ قاغانىنىڭ جىيەنى جياڭ سانغۇن كەلدى »②دەيدۇ . مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «تابغاچ» دېگەن ئىسىم بىرقانچە مەڭگۈ تاشتا ئۇچراپ ، تاڭ سۇلالىسى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، «تابغاچ» تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ ، دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىنىمۇ بىراقلا خاتا دەپ رەت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ . لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى بار .

بولۇپمۇ يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدىكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» ىدىكى «چىن ئۈچكە بۆلۈنىدۇ ، يۇقىرى چىن

شەرقتە بولۇپ ، «تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن ئىزاھى مېنىڭ تۆۋەندە ئىـسـزدەنـ- مەكچـى بـولـغان پـىـكـىـر يـولـۇمغا ئەڭ يېقـىـن كېلىدۇ .

«تابغاچ» زادى كىمنى كۆرسىتىدۇ ؟ قانداق پەيدا بولغان ؟ جۇڭگو تارىخىغا ۋە غەربىي يۇرتقا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەت- كەن ؟ بۇ مەسىلىنى يېشىش ئۈچۈن گەپنى ئالدى بىلەن سىيانپىلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ .

(1)

مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدىغان قامۇسلاردىن «سىخەي» ، «سىيۈەن» ، «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپې- دىيىسى» ، «كېيىنكى خەننامە . سىيانپې- لار ، ئوغانلار ھەققىدە قىسسە» ، «شىما- لىي سۇلالىلەر غۇز (ھۇن) قامىلىلىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق كىتابلاردا سىيانپىلار ھەققىدە بېرىلگەن ئىزاھلار ئاساسەن ئوخ- شىشىپ كېتىدۇ .

«كېيىنكى خەننامە . غەربىي چياڭلار ھەققىدە قىسسە» دە : «شەرقىي ھۇنلار[3] قەدىمكى قوۋم بولۇپ ، ھۇنلارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن شەرقىي ھۇن- لار دەپ ئاتالغان . ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن ، ئوغان تې- غىغا قاچقانلار ‹ئوغانلار› دەپ ئاتالغان ؛ سىيانپى تېغىغا قاچقانلار ‹سىيانپىلار› دەپ ئاتالغان»[4] دېيىلىدۇ . دېمەك ، بىز- نىڭ بىرىنچى بولۇپ بىلىۋېلىشىمىزغا تې- گىشلىك مەسىلە سىيانپى ھۇن دېمەكتۇر . «كېيىنكى خەننامە . ئوغان ، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە : «سىيانپىلارمۇ شەر- قىي ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، سى- يانپى تېغىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، ‹سى- يانپىلار› دەپ ئاتالغان ، تىل ۋە ئۆرۈپ ـ ئادىتى ئوغانلارغا ئوخشايدۇ»[5] دەپ خاتى- رىلىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخې- ئولوگلار ، تارىخىي جۇغراپىيىشۇناسلار ۋە مىللەتشۇناسلار بىردەك سىيانپى تېغى چوڭ ھىنگان تېغىنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارىماقتا .

دەرۋەقە ، سىيانپىلار قەدىمدە ئېلى- مىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان مىل- لەت بولۇپ ، شاڭ ، جۇ سۇلالىلىرى مەز- گىلىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللانغان . ھۇنلار قۇدرەت تې- پىپ كۈچەيگەن مەزگىللەردە ، ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان .

«كېيىنكى خەننامە . دۇرۇڭ تەزكى- رىسى» دە : «خەن خېدىنىڭ يۇڭيۈەن يىل- لىرى (مىلادى 91 ـ يىلى) دا «ئۇلۇغ سانغۇن دۇشيەن ئوڭ قول چېرىكچى گېڭ كۇينى ئەۋەتىپ ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلى- دۇ» . بۇ قېتىملىق ھۇجۇمغا خەن سۇلالى- سى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇسۇن ، دىڭلىڭ ، ئوغان ، سىيانپىلارمۇ قاتنىشىپ زور كۈچ چىقىرىدۇ[6] . بۇ ۋاقىتتا شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر نىزا پەي- دا بولۇپ ، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ۋە قەھەتچىلىك بولۇۋاتقان ، كۈچ بىرلىككە كەلمىگەن مەزگىل ئىدى . دەل مۇشۇنداق ئېغىر تالاپەتكە دۇچ كەلگەن مەزگىلدە ، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى شولان شى- قۇتى خەن ئوردىسىغا ، يەنى دۇ شاھسانى- يىگە مەكتۇپ يوللاپ : «پېقىر بىرنەچچە ئەۋلادتىن بۇيان ، خاننىڭ ھەددى ـ ھېساب- سىز ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدىم . خەن جاڭدى تەدبىرلىك ، يىراقنى كۆرەر ئادەم ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغان ، سى- يانپىلارنى شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدۇردى . . . شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئىچ- كى قىسمىدا بۆلگۈنچىلىك يۈز بېرىۋاتقان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قى- لىش كېرەك» دەپ مەسلىھەت كۆرسى-

تىپ، شىمالىي هۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. شۇڭا، شىمالىي هۇنلارنىڭ هالاك بولۇشىدا جەنۇبىي هۇنلارنى ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، سىيانپىلار كەڭ كۆلەمدە يەلپۈگۈچسىمان شەكىلدە جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ كۆچۈشكە باشلاپ، شىمالىي هۇنلارنىڭ كونا زېمىنىنى ئىگىلەيدۇ، قېپقالغان 100 مىڭ چېدىرلىق هۇن ئۆزلىرىنى سىيانپى دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىيانپىلارنىڭ كۈچى زورىيىشقا باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى رولىنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت تۇغۇلىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ خۇەندى زامانىسى (مىلادى 147 — 167 ـ يىللار) دا، سىيانپىلاردىن تانشىغۇي دېگەن كىشى مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى تۇلقۇ ئىلگىرى هۇن قوشۇنىدا ئۈچ يىل ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدە تانشىغۇي ئىلاھتىن (يەنى غايىبتىن) پەيدا بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ بالا كىچىكىدىنلا ئىنتايىن باتۇر، پاراسەتلىك، تۈرگۈن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئەل ئىچىدە شۆھرەت تاپىدۇ. كېيىن ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئەلگە ئاتامان بولۇپ، قانۇن ـ تۈزۈم ئورنىتىپ يۇرت باشقۇرىدۇ. خانغاي تېغىدا بارگاھ قۇرۇپ پۈتۈن هۇن ئېلىگە هۆكۈمرانلىق قىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن غەربكە ۋە شەرققە جازا يۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، زېمىنى ھەددى ـ ھېسابسىز كېڭىيىپ، شەرقتە لياۋدۇڭغىچە، غەربتە ئارقا قوس ئېلىگىچە (هازىرقى ماناس ناهىيىسى ئەتراپى)، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىگىچە بارىدۇ. مۇشۇنداق كەڭ زېمىننى ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇش غەرىزىدە دۆلەتنى ئۈچكە بۆلۈپ باشقۇرىدۇ.⑦

«ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە. ۋېينامە، ئۇغان، سىيانپى، شەرقتىكى يات قوۋملار تەزكىرىسى» دىن ئېلىنغان «ۋېينامە» دە: «شاڭگۇ (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي ناهىيىسى ئەتراپى) نىڭ غەربىدىن دۇنخۇاڭغىچە، غەربتە ئۇسۇن بىلەن چېگرىلانغان قىسمى غەربىي قىسىم بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق شەھەر بار، ئۇلارنىڭ بەگلىرىنىڭ ئىسمى جىجەن، لولو، رىلۇ، تۇيىيەن، ۋەنلىيۇ قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى ئۇلۇغ سانغۇنلاردۇر» دېيىلگەن. مانا بۇ تانشىغۇي ئۈچكە بۆلگەن دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدۇر.

تانشىغۇي زېمىنىنى ئۈچكە بۆلۈپ باشقۇرغاندا، ئۆزى ئوتتۇرا قىسىمغا باش بولغان، يېقىنلىرى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمنى باشقۇرۇشقا قويغان. يەنى سىيانپىلار ئىچىدىكى چوڭ ئۇرۇق ھېسابلانغان مۇرۇڭ قەبىلىسى شەرقىي قىسمىنى باشقۇرغان، مۇرۇڭ ئاقساقال بولغان، تابغاچ قەبىلىسى غەربىي قىسمىنى باشقۇرغان.

(2)

سىيانپىلار ئاساسلىقى تابغاچ، مۇرۇڭ، چىفۇ، دۇەن، يۈۋېندىن ئىبارەت بەش چوڭ ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، تابغاچلار سىيانپىلارنىڭ بىر بۆلۈكى، قەبىلە نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. سىيانپىلارنىڭ تېگىدىن فامىلىسى يوق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان يەرنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ قوللىناتتى.⑧ رىۋايەت قىلىنىشىچە يىراق ئەجدادى زامانىسىدا 36 قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 99 فامىلە قوللانغان. شەرقىي جىن، 16 بەگلىك زامانىسىدا ئوڭ قانات سىيانپىلار يەنى تابغاچلار بىر پۈتۈن

ھۆكۈمرانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، تەپرىقىچىلىك ئورۇندا قالدى ۋە مۇستەقىل بىر كۆچ بولۇپ شەكىللەندى. ۋېي پادىشاھلىقى خۇاڭچۇ (200 ـ 226) نىڭ تۈنجى يىلى تابغاچ لىۋېي قەبىلە باشلىقلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، لوخوي قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ كۈچىيىشكە باشلاپ، تابغاچنىڭ سەككىز قەبىلىسى ھەمدە يات فامىلىلىك 75 قەبىلە، ھەرقايسى تەرەپتىكى 35 فامىلىلىك قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەسكىرىي كۈچى 20 تۈمەنگە يەتكەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. غەربىي جىن ( 西晋 ) خۇەيدى (306 ـ 312 ـ يىللىرى تەختتە بولغان) زامانىسىدا، تابغاچ يىلۇ دەي ۋىلايىتى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھرى زويۈەن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ)⑨ گە كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ، دەي بېگى، دەي خانى دېگەن ئۇتۇغات نامغا ئېرىشىدۇ. شەرقىي جىن شيەنكاڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 338 ـ يىلى)، تابغاچ شيىجىيەن دەي خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يىلنامىنى جيەنگو دەپ ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەمەل ـ ۋەزىپە تەسىس قىلىپ، قانۇن ـ تۈزۈم ئورنىتىپ، جىنايى جازا بېكىتىپ، سىياسىي ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرۇپ، بىر پۈتۈن دۆلەت ئاپپاراتى تىكلەيدۇ. جيەنگو 3 ـ يىلى (مىلادى 340 ـ يىلى) پايتەختىنى يۈنجۇڭ⑩ غا يۆتكەپ شەھەر بىنا قىلىپ، يېزا- ئېگىلىكنى گۈللەندۈرىدۇ. شەرقتە خۇيمولاردىن غەربتە پەرغانىگىچە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. ئالدىنقى يەن، كېيىنكى جاۋ، ئالدىنقى لياڭلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرىدۇ. جيەنگو 39 ـ يىلى (مىلادى 376 ـ يىل) ئالدىنقى چىننىڭ خانى فۇجيەن ۋە قاڭقىللارنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن ھالاك بولىدۇ.

مىلادى 386 ـ يىلى، دەي ئېلىنىڭ خانى شيىجيەننىڭ نەۋرىسى تابغاچ گۇي فېي شۇي ئۇرۇشىدا فۇجيەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، دەي خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي شېڭلې (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) غا كۆچۈپ، خانلىق نامىنى ۋېيغا ئۆزگەرتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كۆمۇشلەر، قاڭقىللار، ئۇيغۇرلار، جۇرجانلار، كېيىنكى يەن مۇرۇڭچۇيلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، كۈچى زورىيىشقا باشلايدۇ. مىلادى 396 ـ يىلى، ۋېي سۇلالىسى خانلىق جەمەتى فامىلىسىنى «يۈەن» (元) گە ئۆزگەرتىدۇ. ھۇن تىلىدا سۆزلىشىشنى، ھۇن ئۆرۈپ ـ ئادىتىنى قوللىنىشنى، ھۇنچە كىيىم ـ كېچەك كىيىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنى دوراش ئاساسىدا يېڭى قانۇن ـ تۈزۈم قوللىنىپ، خەنزۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىدۇ. ئىلگىرىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشتىن، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىش، ئادەم بېشىغا قاراپ يەر تەقسىملەش، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈش، خانلىق ئوردا مۇدەررىس قۇرۇش، نام ـ ئاتاق بېرىش، ئۆلكە، ناھىيە تەسىس قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، ئىلگىرىكى ئوت ـ سۇ قوغلۇشۇپ قالاق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن تەدرىجىي ھالدا شەھەرلەشكەن مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ بىر زور بۇرۇلۇشتۇر. كېيىن جۇرجانلار تەرىپىدىن مۇنقەرىز بولۇپ ھالاك بولۇش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

(3)

شەرقىي جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە تابغاچ، يۇۋېن، مۇرۇڭ، چىفۇ قاتارلىق سيانپى ئۇرۇقلىرى

ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قىسمى غەربكە، بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچۈپ، بۈگۈنكى شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالدا كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان شىمالىي ۋېي، شىمالىي يەن، غەربىي لياڭغا ئوخشاش تەيرىقە ھاكىمىيەتلەرنى قۇردى، كېيىن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى، غەربىي قىسمىدىكى تابغاچلار بولسا دەسلەپ جىن سۇلالىسىگە، كېيىن قاڭقىل دۆلىتىگە بەيئەت قىلدى. تۈركلەر باش كۆتەرگەندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا تۈركلەرگە سىڭىشىپ كەتتى⑪. بولۇپمۇ شەرقىي جىن، 16 بەگلىك مەزگىلىدە، سىيانپىلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى تەرەپ - تەرەپلەرگە پارچىلىنىشقا باشلىدى. سىيانپى دۆلىتىنىڭ ئولۇڭ قانىتى يەنى تابغاچلارمۇ بىر پۈتۈن ھۆكۈمرانلىقتىن ئايرىلىپ، ئايرىم بىر كۈچ بولۇشالدى.

تارىختا ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ۋاقتى ئۇزۇن، دائىرىسى مۇقىم بولغان بىر ھاكىمىيەتنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان. ئۇلار يا ئۇزۇنغا بارماي يوقىلىدۇ، ياكى ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شەھەر تۇرمۇشىدىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، خاندانلىقىمۇ ۋە ئۆزىمۇ تەڭلا تارىختىن غايىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن ئوت - سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغانچقا، دائىرە ئېگىلەپ زېمىن تۇتۇشقا ئادەتلەنمىگەن؛ كۆپ قىسىم ۋاقتى ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى شەھەر، ناھىيىلەرگە قارىغۇلارچە ئۇسۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىغا ئېرىشكەن ھامان ئېگىلىگەن زېمىننى تاشلاپ يەنىلا ئۆزىنىڭ بوزۇنقى بەدەۋى تۇرمۇشىغا قايتقان. شۇڭا ئۇلاردا زېمىن ئېگىلەپ دۆلەت قۇرۇش ئىستىكى ئىنتايىن ئاجىز بولغان. گەرچە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دۆلەت قۇرۇپ، قائىدە - قانۇن، ئەمەل-مەنسەپ تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىللەت خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالالمىدى. چۈنكى، ئۇلاردا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈش، تېرىقچىلىق قىلىشتەك سىستېمىلىق دۆلەت قۇرۇش تەجرىبىسى بولۇپ باقمىغانىدى، تانشىغۇي دەۋرىدە دۆلەت قۇرۇپ، ئەلنى باشقۇرغان بولسىمۇ، زېمىنى ئىنتايىن كەڭ ھەم دۆلەتنى ئۇچكە بۆلۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، مەدەنىيەت، ئۆرۈپ - ئادەت جەھەتلەردە بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل بولمىغان، ئەكسىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرۈپ - ئادىتى ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ۋېي سۇلالىسىمۇ ئاخىرىغا كېلىپ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولماي قالمىدى. غەربىتىكى تابغاچلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قاڭقىللارغا ۋە تۈركلەر ئارىسىغا زور مىقداردا سىڭىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار قانداقلا قىلمىغان بىلەن ئالتاي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يايلاق مىللەتلىرىدە ئورتاق بولغان ئۆرۈپ - ئادەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىشىپ كېتەتتى. قاڭقىل ۋە تۈركلەر ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن بۇ تابغاچلار شەكسىز ھالدا بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىمىزغىمۇ ناھايىتى ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ كەتكەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى تاچىبانا زۇيچو ( 桔瑞超 ) لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىغا جايلاشقان قايدۇ ( 海头 ) قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ئالدىنقى لياڭ (351 - 382) غەربىي يۇرت دورغايى لى بونىڭ بىر نەچچە پارچە ھۆججىتىنى تاپقان بولۇپ، بۇ لى بونىڭ

ئالدى قوس خانىغا ئېۋەتكەن خەت ـ چەك-
لىرى ئىكەن ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سىدە
«خان ئەلچىسى خوي فۇلۇ سىيانپىلار يې-
رىدىن ئۆتتى» يەنى «ئالدى قوس خانلىقى-
نىڭ ئەلچىسى تابغاچلار (ئوك قانات سى-
يانپىلار ) يېرىدىن ئۆتۈپ دۆلىتىگە قايت-
تى» دېيىلگەن . بۇ يەردىكى «سىيانپىلار
يېرى» ئىلگىرىكى ئارقا قوس خانلىقىنى
ئىگىلىگەن (هازىرقى شەرقىي تەڭرىتاغ-
نىڭ شىمالىدىكى گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن
ماناس ناھىيىسىگىچە بولغان جاي ) ئوڭ
قانات سىيانپىلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ۋەقە
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىللىرىگە توغرا كېلىدۇ .

«شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى . ئوڭ
قانات سىيانپىلارنىڭ چېچىلىپ كېتىشى»
دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق بىر ئابزاس خاتىرە
بار : «غەربىي يۇرتتىكى تابغاچلار ئىچىدە
ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە
ئۇرۇق بار : ئۈچ قارلۇقلار ، تەڭرىتاغنىڭ
شەرقىي ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ ؛ تۆلەڭگىتلەر ، قارا شەھەر-
نىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقىدا كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ؛
چىبىلەر ، بوگۇنكى ئۇرۇمچىنىڭ شەرقى-
دىكى تەڭرى كۆلى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . يۇز يىلدىن كېيىن
ئۇلار تېلېلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى ،
ئۇزۇنغا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسى
تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ
كەتتى» .

تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ
كەتكەن مەزگىللەر 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەرگە
توغرا كېلىدۇ . بۇ «دىۋان» دىكى تابغاچ
ئاتالغۇسىنىڭ 2 ـ ئىزاھىغا يەنى «تاۋ-
غاچ» تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى ، ئۇلار
«تاۋغاچ» يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن ، شۇ
سۆزدىن ئېلىنىپ «تات تاۋغاچ» دەپ ئاتى-
لىدۇ ، دېگەنگە ئەڭ مۇۋاپىق ۋە ئىشەنچى-
لىك مىسال بولالايدۇ .

تابغاچلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھا-
لاك بولغاندىن كېيىن خەنزۇ ، قارلۇق ،
تۈرك ، تېلې ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭى-
شىپ تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي غايىپ
بولدىمۇ ؟ ئۇنداق ئەمەس . ھازىرقى تارى-
خىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا «تابغاچ» لار
10 ـ ئەسىرگىچە ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن .
تابغاچلار يۇقىرىقى مىللەتلەر ئارىسىغا سى-
ڭىپ كېتىش بىلەن بىرگە تاڭغۇت جياڭ-
لىرى ئىچىدە مۇستەقىل قەبىلە بولۇش
سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان .
تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە
تابغاچ شۇجى ( 拓跋守寂 ) دېگەن كىشى
تاڭغۇت جياڭلىرى ئىچىدىكى تابغاچ قەبى-
لىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغان بولۇپ ، ئۇ
تابغاچ سىتۇدېگەن كىشىنىڭ ئوغلى . كەي-
يۈەن (713 ـ 714 ) يىللىرى ئۇ تاڭ
سۇلالىسىنىڭ غەربنى تىنچلاندۇرۇش بېگى
دېگەن ئوتتۇغات نامىغا ئېرىشكەن . تىيەنباۋ
(742 ـ 755 ) نىڭ ئاخىرقى يىلى ، تاڭ
سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئەنلۇشەن (راخ-
شان ) ـ شى سىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچى-
تىشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقتىن رۇڭ-
جۇ[12] ( 容州 ) ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلى-
كىگە ئۆستۈرۈلگەن ، كېيىن لىڭجۇ ( 灵
州 ) (ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم
رايونى لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇ-
بى ) ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى دېگەن ئوتتۇغات نا-
مى ھەدىيە قىلىنغان . بۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ
كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ .[13]

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىل-
لىرى تابغاچ سىگۇڭ ( ؟ ـ 895 ) دېگەن
كىشى تاڭغۇت جياڭلىرى ئىچىدىكى تاب-
غاچلارنىڭ پىڭشيا قوۋمىنىڭ ئاقساقىلى
بولغان . پادىشاھ يىزۇڭنىڭ شيەنتۇڭ
(860 ـ 874 )ئاخىرقى يىللىرى ، يۇجۇ
(ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چىڭبيەن نا-

ھېيسىنىڭ شەرقى) نى ئىگىلەپ، ئۆزىنى ئايماق بېگى دەپ ئاتىۋالغان. جۇڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 881 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى دېھقانلار چوڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتنىشىپ زور تۆھپە قوشانلىقى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ياساۋۇللار سانغۇنى دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەرگەن. 883 ـ يىلى يەنىبىن ھىراۋۇلى، چۆل تۈركلىرى (沙陀) سەركەردىسى لى كېيۇڭلار بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلغان، ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن شياجۇ (چېگرىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دالى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى خۇڭلىيۇ دەريا ۋادىسى ھەمدە ئىچكى موڭغۇل خاڭجىن خوشۇنى، ئۇشىن خوشۇنى قاتارلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھىراۋۇللىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، شيا بېگى دېگەن ئۇتۇغات نامى بېرىلىپ، لى فامىلىسى ھەدىيە قىلىنىدۇ (بۇ تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتى نامى). تابغاچ سىگۇڭنىڭ ئىنىسى تابغاچ سىجەن (؟ ـ 908) چيەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى (895 ـ يىلى) ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شياجۇ (夏洲) ئايمىقىنىڭ ھىراۋۇلى بولىدۇ. تيەنيۇ 4 ـ يىلى (907 ـ يىلى) جۇۋېن تاڭ سۇلالىسىنى يوقۇتۇپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، كېيىنكى لياڭ خانلىقىنى قۇرغاندا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. جۇۋېن ئۇنىڭغا ھۆدەيچى مەنسىپىنى بېرىدۇ.

مىلادى 1026 ـ يىلى، تاڭغۇتلار ئىچىدىكى تابغاچلار بەيشاڭ (白上) ئېلىنى قۇرىدۇ، سۇڭ سۇلالىسى ئۇلارنى غەربىي شيا (西夏) دەپ ئاتايدۇ. 1038 ـ يىلى يۈەن خاۋ (元昊) تەختكە چىقىپ شىڭچىڭنى (兴庆) پايتەخت قىلىدۇ، چېگرىسى بۈگۈنكى نىڭشيا، شىمالىي شەنشى، چىڭخەينىڭ شەرقى بىلەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاھالىسى تاڭغۇت چياڭلىرى، خەنزۇ، تۈبۈت، ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر لياۋ (辽)، جىن (金)، سۇڭ (宋) سۇلالىلىرى بىلەن تىركىشىپ ئۆتىدۇ.

دېمەك، تابغاچلار گەرچە تاڭغۇت چياڭلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر مۇستەقىل قەبىلە سۈپىتىدە تاكى 11 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئىزچىل مەنسەپ تۇتۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئەمەل ـ مەنسەپ تەماسىدا جان ـ پىدالىق كۆرسىتىشى بولماستىن، بەلكى مەلۇم جەھەتتىن قان ـ قېرىنداشلىقىنىڭ مېھرىنى يەتكۈزۈش يولىدا ئېلىپ بارغان قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

(4)

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بايانلار، «دىۋان» دىكى «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىغا بەرگەن 1 ـ ۋە 2 ـ ئىزاھنى يېشىشىمىزگە يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىرىنچى، 1 ـ ئىزاھتىكى چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، «تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە، دېگەن يېشىمنى 1 ـ بۆلەكتە بايان قىلىپ ئۆتكەن تانشىغۇينىڭ پۈتۈن ھۇن ئېلىنى ئىگىلەپ، دۆلەتنى شەرقتە لياۋ دۇڭغىچە، غەربتە ئۇسۇنغىچە، شىمالدا بايقالدىن، جەنۇبتا سەددى-

چىنگچە كېڭەيگەنلىكى ؛ ئەلنى ئوڭۇشلۇق ئىدارە قىلىش ئۈچۈن زېمىنىنى شەرقىي قىسىم ، ئوتتۇرا قىسىم ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرۇغانلىقىغا تەدبىقلاشقا بولىدۇ . گەرچە سىيانپىلار ئاساسلىق بەش چوڭ قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ، كېيىن مۇرۇڭ قەبىلىسى بىلەن تابغاچ قەبىلىسى ئالاھىدە ئايرىلىپ چىقىپ تارىخ سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاساسلىقى يەنىلا تابغاچ قەبىلىسىنىڭ رولى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى . شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا سىيانپى ئېلىنىڭ شەرقىي قىسمىمۇ ئوخشاشلا تابغاچلار يېرى دەپ قارالغان بولۇشىمۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدۇر . گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق نامى ئوخشىمىغان بىلەن قانداقلا بولمىسۇن بىر قان تېپىدىكى ، بىر تىل سىستېمىدىكى مىللەت . شۇنىڭ ئۈچۈن ، يۇقىرى چىن شەرقتە ، «تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ ، دېگىنىنى سىيانپىلارنىڭ شەرقىي بۆلۈگى بولۇشى مۇمكىن دەپ ، قاراشقا بولىدۇ ، بۇنى يەنە دىۋاندىكى خەرىتە بىلەن ئىسپاتلاش تولىمۇ ئوڭاي . خەرىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا قارىسىڭىز جابىرقا (ياپون )نىڭ تۆۋىنىدە ئۇلاپلا يېشىل سىزىقنىڭ ئىچىدە «ماچىن» دېگەن ئىسىمنى ناھايىتى ئاسان تاپىسىز ، بۇ يەر تانشىغۇي قۇرغان ئەلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ، يەنى شاڭگۇدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايدىن تۆت ئايلىق يول بولۇشى ئىنتايىن ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر ، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش قورالىنىڭ قايسى دەرىجىدە مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

ئىككىنچى ، ئوتتۇرا چىن بولۇپ ، «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ دېگىنى ، تانشىغۇي قۇرغان دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا يۈزىدىن باشلاپ ۋاقتى خېلى كېيىنگە سوزۇلۇشى مۇمكىن ، تانشىغۇي دۆلەتنى 3 كە بۆلۈپ باشقۇرۇپ ، ئۆزى ئوتتۇرا قىسىمغا مەسئۇل بولىدۇ ، مىلادى 181 ـ يىلى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىشقا باشلاپ بۇدۇگىن ، كېيىنىڭ قاتارلىقلار ئاقساقال بولۇۋېلىپ ، بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت باشقۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئاخىرى ساۋ ، ۋېي پادىشاھلىقلىرىغا بەيئەت قىلىپ يوقىلىدۇ (بۇ مەزگىلدە غەربىي قىسىم يەنى تابغاچلار ئايرىم كۆچ بۆلۈپ شەكىللىنىپ بولغان )دە ، جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ خەنزۇلىشىشقا يۈزلىنىدۇ ، بولۇپمۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆرۈپ ـ ئادەت ، تىل ، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن تېخىمۇ تېزلەشتى .

مانا بۇ ئوتتۇرا چىن «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ ، دېگەنگە بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ .

ئەمدى ، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە «خىتاي» دېگەن سۆز قوللىنىلدى ؟ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە «خىتاي» دېگەن نام «قارا قىتان»لارنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە . بۇ بىر توغرا ھەم ئىلمىي ھۆكۈم . تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، قىتان ( 契丹 ) دېگەن بۇ ئۇقۇم مىلادى 983 ـ يىلىدىن 1066 ـ يىللاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان دېيىلىدۇ[14] . لېكىن بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە ، قارا قىتان دېگەن نام غەربىي لياۋ (1123 ـ 1212 ) دەۋرىدە قىتانلار غەربكە يۈرۈش قىلىپ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندە ئاندىن يەرلىك خەلقلەر ۋە تۈرك ، ئۇيغۇر ، پارس ، ئەرەب قاتارلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان ، ئەمما مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسىمۇ قۇرۇلمىغان ،

شۇنداقلا غەربكىمۇ كۆچمىگەنىدى . ئۇنداق بولسا مەھمۇد كاشغەرى بۇ نامنى قانداق قوللىنىپ قالدى ؟

«سىخەي» دە قىتانلارغا مۇنداق ئىزاھات بەرگەن : «قىتان قەدىمىي مىللەت ۋە دۆلەت نامى . شەرقىي ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن بۇيان بوگۇنكى لياۋخې ( 辽河 ) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى يوللىغ ئاباۋجى قىتان ۋە قوشنا قەبىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، لياۋ سۇلالىسى (916 ـ 1125 ) نى قۇرۇپ بەش دەۋر ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان .» دېمەك ، لياۋ سۇلالىسى مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىمۇ داۋاملىق مەۋجۇت ئىدى . غەربىي شىيا بىلەن قىتانلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولۇپ كەلگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ، دىۋاننىڭ مۇئەللىپى قىتان (خىتاي ) دېگەن نامدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان بولۇشى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە قىتان بىلەن تابغاچنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ، تابغاچلار زېمىنىنى ئوتتۇرا چىن «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ ، دېگەن بولۇشى مۇمكىن .

تۆۋەن چىن بولۇپ ، «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ يەر قەشقەردە ، دېگىنىنى تۆۋەندىكى ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ .

بىز ئالدىدا غەربىي يۇرتتىكى سىياسىيلار ئوڭ قانىتىدا (يەنى تابغاچلار ئىچىدە ) ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى قەبىلەر بار ، بىرىنچىسى ئۈچ قارلۇقلار دەپ سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق . ئۈچ قارلۇقلار بولسا چىگىل ، ياغما ، توخسىدىن تەركىب تاپىدۇ . تۆۋەندە قارلۇقلار توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلايلى .

قارلۇقلار 7 ـ 13 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ ، جىمىسارنىڭ غەربىي شىمالى ، ئالتاينىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان . 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردە ، تۈرك قاغانلىقىدىكى باشقا توققۇز قەبىلەر بىلەن بىرلىكتە ، قارلۇقلارمۇ تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان[15] .

681 ــ 682 ـ يىللىرى ، موڭغۇلىيىدە ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ، قارلۇقلار «ئۆتۈكەن تېغى خوجايىنلىرى» غا بويسۇنىدۇ . 742 ـ يىلى ئۇيغۇر ، قارلۇق ، باسمىللار بىرلىشىپ ئۆزمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ ، تۈرك قاغانلىقىنى ئاغدۇرىدۇ ۋە باسمىللاردىن بىر كىشىنى قاغانلىققا كۆتۈرىدۇ[16] .

744 ـ يىلى ، قارلۇق قەبىلىسى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ باسمىللارغا ھۇجۇم قىلىپ ، باسمىللار خانىنى ئۆلتۈرىدۇ . ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلار (ياغمىلار ) قولىغا ئۆتىدۇ . قارلۇقلار ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ . 766 ـ يىلى ، قارلۇقلار كۆچىيىشكە باشلاپ ، تۈركەشلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ، چۇ دەريا ۋادىسى ، غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەيدۇ . 789 ـ يىلى ، قارلۇقلار جىمىسار ئەتراپىدا تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . لېكىن ئۇزۇنغا بارماي ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېڭىلىدۇ .[17] 840 ـ يىلى ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇپ ، خەلقىنىڭ زور كۆپ قىسمى غەربكە كۆچىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە 15 قەبىلە قارلۇقلارغا ئەگىشىدۇ . تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلىدۇ .

دېمەك ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۈچ قارلۇقلار (يەنى قارلۇق ئىتتىپاقىدىكى چىگىل ، ياغما ، توخسى ) تابغاچلار ئىچىدىكى خەلقتۇر ، ئۇلار ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىگە

ئىنتايىن تونۇشلۇقتۇر. شۇڭا ئاپتور تابغاچ دېگەن نامغا بەرگەن ئىزاھىدا ھېچقانداق ئىككىلەنمەي قەشقەرنىمۇ كىرگۈزۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

(5)

«دىۋان» دا بېرىلگەن 2 - ئىزاھ يەنى تۈركلەرنىڭ بىرى، ئۇلار «تابغاچ» يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ «تات تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. «تات» ئۇيغۇر دېمەكتۇر؛ «تابغاچ» چىنلىق دېمەكتۇر، دېگەن ئىزاھنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىز گەپنى «تات» ئۇيغۇر دېمەكتۇر، «تابغاچ» چىنلىق دېمەكتۇر دېگەن سۆزدىن باشلايلى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تات» قا «كاپىر»، «مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. بۇ يەردىكى «تات» دېگەن سۆز تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋان»نىڭ 1 - توم 468 - بېتىدە «بۇگۇر» كۇچا بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا دەيدۇ. 495 - بەتتە «چوماق» - ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان خەلق مۇسۇلمانلارنى ‹چوماق ئەر qomak ari› دەيدۇ. بۇ مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم، دېگەن بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى كۇچاغىچە تارقالغان بولۇپ، «بۇگۇر» دىن قەشقەرگىچە بولغان زېمىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمانلار رايونى، بۇگۇرنىڭ ئۇ چېتى بولسا تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىدۇر، شۇنداقلا ئىلگىرىكى ئالدى قوس خانلىقى ۋە ئۈچ قارلۇقلار زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى، نېمە ئۈچۈن ئۇرقۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ۋە باشقا مەنبەلەردە تاڭ سۇلالىسىنى «تابغاچ» دەپ ئاتايدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالساق جىن، 16 پادىشاھلىق ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشلار جەريانىدا تەبىئىي ھالدا بىر - بىرىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ شىمالىي ۋېي (386 - 534) سۇلالىسى جۇڭگونىڭ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 148 يىل مابەينىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىپ، بىر قاتار ئۆز مىللىتىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، مىللەت خۇسۇسىيىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىشكە باشلاپ، خەنزۇ فامىلىسىنى قوللاندى. بۇ ئۆزلىرىنىڭ «تابغاچ» دېگەن نامىنى «يۈەن» گە ئۆزگەرتكەنلىكىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ تابغاچ خۇڭ (يەنى شياۋ ۋېندى 467 - 499) مەزگىلىدە ئېلىپ بارغان بىرقاتار ئىسلاھاتلار سيانپىلارنى فېئودال جەمئىيەتكە ئېلىپ كىردى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىدە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سيانپىلارنىڭ جۇڭگو فېئودال جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۇلارنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇرۇندىن يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان تۈزۈم بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ، كېيىنكىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈردى. يەنى يەرنى تەڭ تەقسىملەش تۈزۈمى، شىمالىي جۇنىڭ (غەربىي ۋېي) ھەربىي تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى

تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىدى . سۇي ، تاڭ سۇلالىرىدىن باشلاپ تابغاچلار بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدە ياكى مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ئىككى سۇلالىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى . سۇي ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن سۇي ياڭدى ، لى شىمىنلار سىيانپىيلاشقان خەنزۇلاردۇر ، ئۇلارنىڭ ئانىسى ۋە ئاياللىرى بولسا خەنزۇلاشقان سىيانپىيلاردۇر . ئىككى سۇلالىدىكى يۇقىرى ئەمەلدار ۋە تۆرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تابغاچلاردىن بولۇپ ، ۋەزىرلەرنىڭ سانىلا 20 دىن ئاشىدۇ ، ئۇندىن باشقا دىۋان بېگى ، ھۆدەيچى ، يەرلىكتىكى تۇتۇق ، ئايماق بېگىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ[13] .

دېمەك ئورقۇن بويىغا مەڭگۈ تاش تىكلىگەن تۈرك قاغانلىرى ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى تابغاچلارنىڭ ھەربىر يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن تەپسىلىي خەۋەر تېپىپ كەلگەن . ئۇلار بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىپ ، بېرىش ـ كېلىش قىلغانلىقتىن ، تابغاچلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئىدىكى ئورنىغا قاراپ تاڭ سۇلالىسىنى «تابغاچ» لار دەپ تونۇپ كەلگەن ۋە ئۆز ئابىدىلىرىگە ئۇلارنىڭ نامىنى ئويۇپ قالدۇرغان . مانا شۇنىڭدىن كېيىن تارىخىي خاتىرىلەردە تاڭ سۇلالىسىنى «تابغاچ» لار دەپ خاتىرىلەپ كەلمەكتە .

تابغاچلارنىڭ تىلى زادى قايسى تىل سىستېمىسىغا تەۋە ؟ يۇقىرىدا تابغاچلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ سىيانپىيلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتتۇق . ئۇنداقتا سىيانپىي تىلى قايسى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ دېگەن مەسىلىنى يېشىشكە توغرا كېلىدۇ .

تارىخىي مەنبەلەردە : سىيانپىيلار ھۇنلارنىڭ شەرقىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن شەرقىي ھۇنلار دەپ ئاتىلىدۇ ، دەپ قەيت قىلىنغان . دېمەك سىيانپىيلار ھۇنلار دېمەكتۇر ، شۇڭا تىلى ھۇن تىلىدۇر .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «تۈرك خەلقلىرى ۋە قەبىلىلىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىسىدا (38 ـ 39 ـ بەتلەر ) «تابغاچ ، بۇ ـــ ماچىن دېمەكتۇر» دەيدۇ . «ماچىن» جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن سىيانپىيلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئورنى ۋە كېيىنكى (يەنى تانشىغۇي ئەلنى ئۇچكە بۆلگەندىكى ) شەرق بۆلىكى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز . 39 ـ بەتتە ، چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ . بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ . شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس . . . .» دېگىنىدىن ، شۇنداقلا «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» «سىيانپىي» ئاتالغۇسىدا «جىنىنامە . شىلا خاتىرىسى ( 石勒 )» دىن تەقىل ئېلىپ بۇددۇچىڭا ( 佛图澄 ) نىڭ شىلاغا ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا سىيانپىي تىلى ئۆلچەملىك تۈرك تىلىدۇر . شىلا «كېش ھۇنى» بولۇپ ، ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى ، شۇڭا سىيانپىيلارمۇ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدۇ» دېگىنىدىن ۋە گابائىننىڭ «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن ئەسىرى 11 ـ بەت «خەنزۇلار ، جۇڭگو» دېگەن تېمىسىدا : مىلادى 447 ـ يىلىدىن باشلاپ ، تابغاچ ۋېي جۇڭگونىڭ شىمالىي يېرىم بۆلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇلار ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىپ ، ھېچقاچان خەنزۇ تىلىدا سۆزلىمىسىمۇ ، لېكىن تابغاچ ( 桃花石 Tabɣac ) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ‹جۇڭگو › نى ئاتايدىغان نامىغا ئايلىنىپ قالدى» دېگەنلىرىدىن ، سىيانپىي ـــ تابغاچ تىلىنىڭ ئۆلچەملىك ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپلىقىنى ناھايىتى ئېنىق دەلىللىگىلى بولىدۇ .

ئىزاھاتلار :

① مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى ، 1 - توم 592 - بەت .

② ئا .خوجا ، ت .ئايۇپ ، ئى .يۇسۇپ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى ، 90 - بەت . كلياشتورنىي «قەدىمكى تۈرك- رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى ، 228- بەت .

③ ئەسلى تېكىستتە 东胡 ، يەنى شەرقىي غۇزلار دەپ ئالغان («توڭغۇسلار» دەپمۇ ئالغان . توڭغۇسلار مانجۇ - توڭغۇس تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ ، يەنى تېخىمۇ شەرقتىكى مىللەتتۇر . بۇ ئېلىش خاتا بولۇپ قالغان) . ھۇن دېگەن نام توغرىسىدا تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1 - توم 387 - بەت ، «قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» 8 - توم 685 - بەتتە ، ھۇنلار قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەت . غۇز (胡) لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، دېگەنگە ئاساسلىنىپ 东胡 لارنى شەرقىي ھۇنلار دەپ ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق .

④ فەن خۋا ، سىمابياۋ «كېيىنكى خەننامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى ، 433 - بەت .

⑤ «كېيىنكى خەننامە» يۇقىرىقىغا ئوخشاش 637 - بەت .

⑥ «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى ، بېيجىڭ- شاڭخەي ، 1986 - يىل نەشرى 477 - 478-بەتلەر . «مىللەتلەر قىسمى» .

⑦ ياۋۋېيۇەن : «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غۇز (ھۇن) فامىلىلىرى تەتقىقاتى» ، خەنزۇچە 1959 - يىل نەشرى ، كىرىش ، 1 - باب قىسمى .

⑧ «سىخەي» 1 - توم 553 - بەت .

⑨ «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» خەنزۇچە ، 54 - بەت .

⑩ يۇنجۇڭ ۋىلايىتى : دائىرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تومد ئوڭ ئايمىقىنىڭ شەرقى ، داچىڭ تېغىنىڭ جەنۇبى ، جوزى ناھىيىسىنىڭ غەربى ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى بويلىرى بىلەن سەددىچىنىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ .

⑪ «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» خەنزۇچە ، 53 - بەت .

⑫ رۇڭجۇ (容洲) - ھازىرقى گۇاڭشى - جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنى كۆرسىتىدۇ . تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 1 - يىلى تەسىس قىلىنغان - «سىيۇەن» قىسقارتىلغان نۇسخا 457 - بەت .

⑬ «مىللەتلەر لۇغىتى» ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 636 - بەت .

⑭ «سىخەي» ، 5466 - بەت ، جۇڭگو تارىخى يىلنامىلەر جەدۋىلى 10 - جەدۋەل .

⑮ «سىخەي» 1 - توم 1699 - بەت .

⑯ كلياشتورنىي : «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى» 59 - بەت .

⑰ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 6 - ئاي نەشرى ، 489 - 490 - بەتلەر .

⑱ «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى ، بېيجىڭ - شاڭخەي ، 364 - بەت .

ئاپتورنىڭ ئادرېسى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ، مەدەنىيەت - تارىخ ئىشخانىسى

تەھرىرلىگۈچى : ئابدۇقېيۇم خوجا

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئېيتىلغان ئوتتۇرا «چىن» توغرىسىدا

غالىپ بارات ئەرك

11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىدە، «چىن» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«tavɣaq ـ تاۋغاچ. «ماچىن»، ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يىراقلىقتا. چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ تاۋغاچ ـ tavɣaq دېيىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، خىتاي ـ hitay دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ بارخان ـ barhan دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر تاۋغاچ ـ tavɣaq ماچىن دەپ، hitay ـ چىن دەپ تونۇلىۋاتىدۇ.»①

«تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ھەم خاقانىيە تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ «چىن» ۋە «ماچىن» نامى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. جۈملىدىن رۇس شەرقشۇناسى بارتولد چىن شىمالىي جۇڭگونى، ماچىن جەنۇبىي جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىسا پىرافېسسور جاڭ گۇاڭدا چىن لياۋ سۇلالىسىنى، ماچىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ② دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا مەھمۇد كاشغەرى باياننىڭ مەركىزىي نەدە؟

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى بايانىدىن بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە شۇ دەۋر بولۇپ ئىككى خىل چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىن بۇرۇن چىن ئۈچكە بۆلۈنگەن، ئۇلار يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن بولۇپ، يۇقىرى چىن بۇرۇن «تاۋغاچ»، تۆۋەن چىن «بارخان» دەپ ئاتالغان، ئوتتۇرا چىن «خىتاي» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىگە كەلگەندە «تاۋغاچ» يەنى يۇقىرى چىن «ماچىن» دەپ ئاتالغان بولسا «خىتاي» يەنى ئوتتۇرا چىن «چىن» دەپ ئاتالغان.

مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان «بۇرۇن» ۋە «ھازىر» قايسى دەۋرنى يىل پاسىلى قىلغان؟ بۇ ئېھتىمال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياسىغان 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىنى پاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇنقى يۇقىرى چىن ~ شەرقىي چىن ~ تاۋغاچ كېيىنكى دەۋردىكى ماچىن بولسا، تۆۋەن چىن يەنى غەربىي چىن ئاتالغان كاشغەردىن تارتىپ ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان «بارخان» بولسا، ئۇنداقتا «ئوتتۇرا چىن» دەپ ئاتالغان بۇرۇنقى خىتاي يەنى مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىكى «چىن» قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا «يۇقىرى چىن» نى شەرقى چىن دەپ، تۆۋەن چىننى غەربىي چىن دەپ چۈ-

شىنىش تامامەن مۇمكىن . ئۇنداقتا ئوتتۇرا
چىن بولسا يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلارنىڭ
ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولىدۇ . مەھمۇد
كاشغەرىنىڭ قارىشىنى ئۆزىنىڭ بايانلىرى
بىلەن شەرھىلەش ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كې-
رەك . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە
سىزىپ قالدۇرغان خەرىتىسى ئۇنىڭ ئىگە-
لىگەن جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلىرىغا ۋە-
كىللىك قىلالايدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ خەرىتە-
سىدە «ماچىن ئېلى» ناھايىتى ئېنىق
كۆرسىتىلگەن بولۇپ ، جابىرقا (ياپونىيە )
نىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇ
ماچىنغا دائىر بەلگىلىگەن بولۇپ ، ئۇ دا-
ئىرىدىن چىقسا خاتۇن سىنى ، بىلاد ئۇي-
غۇر ، سۇلمى ، قوچو ، بارمان ، كۇچا ،
كوچا بىلەن بارماننىڭ ئارىسىدىكى قۇم-
لۇقنىڭ جەنۇبىدا شاجۇ (خەرىتىدىن قارى-
غاندا شاجۇ چەرچەن ، خوتەن ، يەركەنت ،
كاشغەرنىڭ شەرقى تەرىپىگە توغرا كېلى-
دۇ ) لار بار . خەرىتىدە كاشغەر بىلەن بالا-
ساغۇندىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم شەھەر
جەنۇب - شىمال بولۇپ بىر توز سىزىق
ھالىتىدە (سەل قىيپاش ) جايلاشتۇرۇل-
غان . شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەن چىن ~
غەربىي چىننى خاقانىيىنى مەركەز قىلغان
بىر بۆلۈك ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى
كۆرسەتكەن دەپ قارىساق خاتا بولمايدۇ ،
چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى «بۇگۇر ، كۇچا
شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى
تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە . بۇ يەر چېگ-
را »[3] «چەرچەن ، چىن يولىدىكى مۇسۇل-
مانلار چېگرىسىنىڭ بىرى »[4] دېيىش ئار-
قىلىق خاقانىيىنىڭ چېگرىسىنى كۆرسى-
تىپ بەرگەن . شۇنداق بولغاندا ئوتتۇرا
چىن تۆۋەن چىن بىلەن ماچىن ئوتتۇرىسى-
غا جايلاشقان شاجۇ ، سۇلمى ، قوچو ، بىلاد
ئۇيغۇر ، خاتۇن سىنى . . . قاتارلىق بىر
تۈركۈم زېمىنلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ زې-
مىنلار (ئوتتۇرا چىن ) 10 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرى ، 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوچو
ئۇيغۇر ئېلى (866 - 1370 ) ھەم گەنجۇ
ئۇيغۇر ئېلى (850 - 1028 ) نىڭ تېررو-
تورىيىسى ئىدى . بىز ئەنە شۇ خەرىتىنى
ھەمدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ باشقا بايانلىرى-
نى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىقىدەك يە-
كۇنىنى چىقىرالايمىز . مەھمۇد كاشغەرى
يەنە باشقا بايانلىرى بىلەن يەكۈنىمىزنىڭ
توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ .

«قەدىمدىن بېرى كاشغەردىن يۇقىرى
چىنغىچە بولغان ھەمدە تۈرك يۇرتلىرىدا
بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق
ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزى-
لىپ كەلگەن »[5] . بۇ باياندا كاشغەردىن
يۇقىرى چىنغىچە (ماچىنغىچە ) بولغان زې-
مىنلارنى «تۈرك يۇرتلىرى» دەپ ئاتاش
ئارقىلىق ئوتتۇرا چىننىمۇ تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى
دەپ قارىغان «سۇلتان» ۋە «خاقان» نام-
لىرى ئارقىلىق مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان
ئەمەس ھۆكۈمرانلارنى كۆزدە تۇتقان .
«يېزىق» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆر-
سەتكەن بولۇپ خاقانىيە ، قوچو ئۇيغۇر ئې-
لى ، گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى بۇ يېزىقنى ئوخ-
شاشلا ئىشلەتكەن ، خاقانىيىلىكلەر ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەرەب
ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق بىلەن قە-
دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پاراللېل قوللىنىل-
غانلىقىدىن بۇ يېزىقنىڭ يىلتىزىنىڭ نەقە-
دەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

مەھمۇد كاشغەرى كىتابىدا «مۇسۇل-
مان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار ، چۆللەر ،

ۋادىلار ، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم . . . بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم . . . مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم . بەزىلىرىنى تاشلىدىم . چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق » ،[6] دەپ يازغىنىدەك دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى بەزى بايانلارغا سەل قاراپ تولۇق بايان قىلمىغان . ئۇ تۈرك قەبىلىلىرىنى يازغىنىدا قەبىلىلەرنى ساناپ «ئۇيغۇر ، تاڭغۇت ، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر . خىتاي چىن دېمەكتۇر . ئاندىن تاۋغاچ ، بۇ ماچىن دېمەكتۇر »[7] دەپ تاڭغۇت ، خىتاي (چىن) ، تاۋغاچ (ماچىن) لارنىمۇ تۈركى قەبىلىلەر سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ . بىز تاۋغاچ يەنى ماچىنلار «تاۋغاچ ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى ، ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ تات تاۋغاچ tat tavqaq دەپ ئاتىلىدۇ . تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر ؛ تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر »[8]دېگەن بايانغا ئاساسەن «تاۋغاچ» نى تۈرك قەبىلىسى سۈپىتىدە ساناش مەقسىدى ئايدىڭلىشىپ ، تاۋغاچ يەنى ماچىن دائىرىسىدە ياشىغان تۈركى قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلەلەيمىز . ناۋادا «تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر» دېگەن باياندىكى «چىنلىق» ، «ماچىنلىق» بولغان بولسا ، باشقا بايانلىرىغا ماس كېلىپ ئىنتايىن توغرا بولغان بولاتتى . بۇ جايدا بىز يەنە ئورقۇن-يەنسەي ئۇيغۇر ئېلى مىلادى 840 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغاندا ئۆگە تېگىن باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دائىرىسىگە كۆچكەنلىكىنى ھەمدە تارىخىي دەۋرلەردە سودا ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى داۋامىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىكى ئۇيغۇرلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز .

تاڭغۇتلارنى تۈرك دەپ مۇنداق ئىزاھلايدۇ : « tanɣut تاڭغۇت . تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان . ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دېيىشىدۇ »[9] . ئالىمنىڭ بۇ بايانى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتىدۇ .

مەھمۇد كاشغەرى گەرچە ئوتتۇرا چىن ھەققىدە بىۋاسىتە ئىزاھات بەرمىسىمۇ ئېنىق بىشارەتلەر قالدۇرغان . تۆۋەندە ئۇلاردىن مىسال كۆرۈپ باقايلى :

«رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ بولۇپ ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ . »[10]

«يۇقىرى چىنغىچە بولغان قەبىلىلەر ـ چىگىل ، ياغما ، توخسى تىللىرىدا سۆزلەر كۆپۈنچە زەممىلىك قىلىپ ئېيتىلىدۇ . »[11]

«bakir چىندا قويۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ ئىسمى . ئېلىم ـ سېتىمدا ئىشلىتىلىدۇ . »[12]

ئەسكەرتىش زۆرۈركى ، باقىر قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مىستىن ياسالغان پۇلى بولۇپ ، كەڭ كۆلەمدە ئوبروت قىلىنغان .

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك مەھمۇد كاشغەرى ئوتتۇرا چىن دەپ ماچىننىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە ، بۇ زېمىنلارنى تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دەپ قارىغان . ئالىمنىڭ «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ . بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركى يېزىق بىلەن يازىدۇ »[13]دېگەن بايانىنى قانداق چۈ-

شىنىش مۇمكىن؟ بۇ بايانلارغا بىز ئالىمە-
نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە،
لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر
خىل شىۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ
باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن
ئىبارەت تۈركى يېزىقىنى قوللىنىدۇ. كى-
تاب ۋە خەت ـ چەكلەرنى شۇ يېزىق بىلەن
يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە
ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار.
بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار
بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالماي-
دۇ» [14] دېگەن بايانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قا-
رايدىغان بولساق «چىن ماچىن خەلقلىرى-
نىڭ ئايرىم تىللىرى» چوقۇمكى يەرلىك
شىۋىگە ياكى دىئالېكتىكلىق پەرقلەرگە
قارىتىلغان. چۈنكى ئەينى تارىخىي دەۋردە
ھازىرقىدەك ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرى-
دىغان رادىئو، تېلېۋىزىيە، مەتبۇئات بول-
مىغانلىقتىن يىراقتىكى جۇڭگو (ماچىن-
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) دائىرىسىدىكى تۈرك
ـ ئۇيغۇرلار بىلەن خاقانىيە، قوچو ئۇيغۇر
ئېلى ھەم گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى دائىرىسى-
دىكى خەلقلەر ئارىسىدا چوقۇمكى جۇغ-
راپىيە، ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ پەرق
پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا
بۇ ئايرىم تىل «ئاتالمىسىنى دىئالېكت
كۆزدە تۇتۇلغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.
ناۋادا بىز بۇ ئايرىم تىلنى خەنزۇ تىلى،
ئاھالىلەرنى خەنزۇ دەپ پەرەز قىلىدىغان
بولساق ئۇ چاغدا «چىن ۋە ماچىن» ئاھالى-
لىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى بىلىپ كېتىشى
ئومۇملۇقتىن يىراقراق، مەھمۇد كاشغەر-
رىنىڭ ساپ تىل ئۆلچىمى ئىنتايىن قاتتىق
بولۇپ، «خوتەن تىلىدا ھىندى تىلىنىڭ
تەسىرى بار» [15]، «خوتەنلىكلەر بىلەن
كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى «ا ـ ئې-
لىف» نى «ھـ ـ h» غا ئالماشتۇرىدۇ.
تۈركى تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈز-
گەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن
ھېسابلىمايمىز» [16] دېگەن بايانلىرى ئالىمى-
نىڭ قاتتىق ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتقانلىقى-
نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جايدا ئېيتىل-
غان «تۈرك ھېسابلىمايمىز» ئىبارىسى
«ساپ تۈرك ھېسابلىمايمىز» دېگەنلىك بو-
لۇپ، بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەستىن خوتەن-
لىكلەرنى ئۇيغۇر ئەمەس دەپ قارايدۇ. نا-
ۋادا ئوتتۇرا چىن ئاھالىسى تىلى بىر سا-
قىندى ئەبجەش تىل بولغان بولسا ئىدى
ئالىم ئەلۋەتتە ئۇلارغىمۇ خوتەنلىكلەرگە
تۇتقان پوزىتسىيىنى تۇتقان بولاتتى.

ئەمدى چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخ-
شايدىغان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارلا
چۈشىنىدىغان يېزىق مەسىلىسىگە كەلسەك
بۇ ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىلەر ئېيتقاندەك خەنزۇ يېزىقىنى كۆرسەتمەستىن
ئورقۇن ـ يەنسەي يېزىقى — تۈرك رونىك
يېزىقى ـ دۇلبارچىن يېزىقى دەپ ناملانغان
يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە تۇرپان رايو-
نىدا بىر مەزگىل خەنزۇ يېزىقى ئارقىلىق
ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ ئىككى
تىلنىڭ كەسكىن پەرقلىرى تۈپەيلى تەدرى-
جىي ئەمەلدىن قالغان، ئەمما ئوتتۇرا ئە-
سىر ئۇيغۇر يازمىلىرىدا ئاز ساندا خەت
ئارىسىغا قىستۇرۇپ قوللىنىلغان، ئىجتى-
مائىي ئالاقىلەردە قوللىنىلمىغان. ئەكسى-
چە پان تېگىن باشچىلىقىدا ئورقۇن ـ يەن-
سەي ۋادىسىدىن كۆچكەن 200 مىڭ ئەترا-
پىدىكى ئاھالە قوچو ئۇيغۇر ئېلى ۋە گەنجۇ
ئۇيغۇر ئېلى ئاھالىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتى-
نى ئىگىلىگەن، تۈرك رونىك يېزىقى ئور-
قۇن ـ يەنسەي ۋادىسىدا قۇرۇلغان تۈرك
خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا كەڭ كۆ-

لەمدە قوللىنىلغان بولغاچقا غەربكە كۆچ-
كەن ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى بىر مەزگىل
داۋاملىق قوللانغان . تارىم ۋادىسىدا ياشاپ
كەلگەن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خاقانى-
يىلىكلەر بولسا بۇرۇندىنلا قەدىمكى ئۇي-
غۇر يېزىقىنى قوللانغان بولۇپ ، تۈرك
رونىك يېزىقى بىلەن بەك تونۇشلۇق ئە-
مەس . دۇخان (دۇنخۇاڭ ) ۋە تۇرپان ۋادى-
سىدىن بىر بۆلۈك تۈرك ـ رونىك يېزىق-
دىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشىمۇ «چىن-
لىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان» بۇ يېزىقنىڭ
تۈرك رونىك يېزىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لايدۇ . رۇس تۈركلوگى ئا .ن .كونونوۋ
«7 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك رونىك
يادىكارلىقلىرىنىڭ گىراماتىكىسى» نام-
لىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە : «كېلىياشتۇر-
نىينىڭ نوپۇزلۇق ھۆكۈمىچە مەھمۇد كاش-
غەرى بۇ يەردە رونىك يېزىقىنى كۆزدە تۇ-
تىدۇ ، چۈنكى بۇ يېزىقنىڭ ئاخىرقى يادى-
كارلىقلىرى تۇرپان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ،
بەلكى . . . . تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن باي-
قالغان دەسلەپكى ئۇيغۇرچە قانۇنى ۋەسىقى-
لەر بىلەن كۆپلىگەن مۇشۇ خىلدىكى توخ-
تاملار ئوخشىمايدۇ ، ئۇلار رونىك يېزىقىدا
يېزىلغان . كېلياشتۇرنى يەنە ‹مەھمۇد
كاشغەرىدىن يۈز يىل كېيىنكى مۇئەللىپ
فەخرىددىن . مۇبارەكشاھ مارۋالدى تىلغا
ئالغىنىمۇ رونىك يېزىقى بولۇپ ، ئۇ كۆر-
سەتكەن توققۇز ئۇيغۇر يېزىقى بولسا قە-
دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدۇر » [17] دەپ يازغىنى-
دەك ھەقىقەتەنمۇ مەھمۇد كاشغەرى يازغان
ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا
ئوخشايدىغان» يەنە بىر يېزىقى خەنزۇ يې-
زىقى بولماستىن تۈركى خەلقلەر قەدىمكى
دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان ، شەكىللەر ئاسا-
سىدا يارىتىلغان موڭغۇل دالالىرىدىن شەر-
قى ياۋروپاغىچە قوللىنىلغان تۈرك رونىك
يېزىقىدۇر .

ئومۇمەن ئېيتقاندا بۈيۈك مۇتەپپەك-
كۇر مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دى-
ۋانى» دا ئۆز دەۋرى ۋە ئۇنىدىن بۇرۇنقى
ئىككى خىل ئۇقۇمغا مەنسۇپ چىن ۋە ما-
چىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى خاتىرىلى-
گەن . «بۇرۇنقى» ئۇقۇمدا چىن ئۈچكە بۆ-
لۈنگەن بولۇپ «تاۋغاچ» تاڭ سۇلالىسىنى
شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆرسەت-
كەن . ئوتتۇرا چىن يەنى خىتاي قوچو ئۇي-
غۇر ئېلى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلىنى كۆر-
سەتكەن . تۆۋەن چىن يەنى بارخان خاقانى-
يىنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر قىسىم
ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن .

مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىغا كەلگەن-
دە يۇقىرى چىن ۋە تاۋغاچ ئاتالغان ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېروتورى-
يە «ماچىن» دەپ ئاتالغان . ئوتتۇرا چىن
ۋە خىتاي دەپ ئاتالغان قوچو ئۇيغۇر ئېلى
ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى قاتارلىق تۈركىي
خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلى-
قىدىكى زېمىنلار «چىن» دەپ ئاتالغان .
تۆۋەن چىن ۋە بارخان دەپ ئاتالغان خاقانى-
يە بولسا بۇ خىل ئاتىلىشلاردىن قالغان .

چىن ۋە ماچىن ناملىرى ھەرگىزمۇ
تارىختىكى ئون نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان چىن (秦) سۇلالىسى نامىدىن
كەلگەن بولماستىن ئۇيغۇرلارغا ئىسلام ۋە
نېستورىيان دىنلىرىدىن كەلگەن ، چۈنكى
يۇقىرىقى دىنلارنىڭ مۇقەددەس كالامى بول-
غان «قۇرئان كەرىم» ، «ئىنجىل» ۋە
«تەۋرات» لاردا دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققى-
دە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا باغلانغان رىۋايەت
كەڭ تارقالغان . ئىسلام دۇنياسىدا تارالغان
ئىككىنچى ئادەم ـ نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە

ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان چىن ھەم ماچىن شەھەر بىنا قىلىپ ئاھالىسىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كىلاسسىك تارىخ تەزكىرىلەردە كەڭ كۆلەمدە خاتىرىلىنىپ، شۇ دەۋر ئاھالىسىنىڭ قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ھەم ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئۆزگىرىپ بارغان، جۇملىدىن ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمىدە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بىلەن نامايەن بولىدۇ.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 592 - بەت.

② « «قۇتادغۇبىلىك»كە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانمىلار » شىنجاڭ خەلق نەزرىياتى 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى 2 - توپلام 3 - بەت

③④⑤⑥⑦⑧ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 469 - بەت، 567 - بەت، 11 - بەت، 37 - بەت، 38 - بەت، 592 - بەت.

⑨ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم 495 - بەت.

⑩ ⑪ ⑫ ⑬ ⑭ ⑮ ⑯ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 41 - بەت، 190 - بەت، 468 - بەت، 39 - بەت، 40 - بەت، 10 - بەت، 44 - بەت.

⑰ «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى» 1985 - يىل خەنزۇچە 3 - 4 قوشما سان 9 - بەت.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف ئىدارىسى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىممىنياز قۇتلۇق



# جوڭغار خانلىقىنىڭ قارا شەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى

يۇنۇسجان ئېلى

قارا شەھەر شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇر قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە «ئاگنى»، «سۇلمى»، «چالىش» دېگەن ناملار بىلەن كۆرۈلۈپ، پەقەت چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن قارا شەھەر دەپ ئاتالغان. يەرلىك خەلقلەر ھازىرمۇ «قارا شەھەر» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

قارا شەھەرنىڭ تارىختىكى بىرقانچە خىل ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالمىشىشى، قارا شەھەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنىڭ ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا قارا شەھەر رايونىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخلىرى بىلەن بۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان تارىخىي جەريانلىرى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى بىرقەدەر ئومۇمىي جەريانلارنىڭ بىرى بولۇپ، خۇسۇسەن قارا شەھەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن ئاۋۋالقى مەزگىلىدىكى، جوڭغارلار دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، بۇ يۇرتنىڭ تارىخىدا ناھايىتى زور داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

قارا شەھەر ئەسلى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، «4 مىڭ تۈتۈنگە، 32 مىڭ 100 نوپۇسقا، 6 مىڭ ياراملىق ئەسكەرگە ئىگە» بىر يۇرت ئىدى. بەگلىكنىڭ قارىمىقىدا قوسلارغا زەربە بەرگۈچى، غوزلاردىن قوغدانغۇچىبەگ، ئوڭ ۋە سول سانغۇن، غوزلارنى بېئەت قىلدۇرغۇچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن ھەرقايسىسىدىن بىردىن بولغاندىن سىرت، ئۈچ نەپەر تىلماچ بېگى، ئىككى نەپەردىن غوزلارغا زەربە بەرگۈچى كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدىكى «غوزلار» ( 胡 ) ھۇنلارنى كۆرسىتەتتى. ئەمەلىيەتتە ھۇنلار قارا شەھەرنى مودۇن تەڭرىقۇت مىلادىدىن ئاۋۋالقى 176 _ 177 - يىللار مەزگىلىدە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئوغۇز، كىروران، ئۇسۇن قاتارلىق 26 ئەلنى بويسۇندۇرغاندىلا، ئاللىقاچان ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك تارىخنامىلەردە ھۇنلارنىڭ قارا شەھەرگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ باتىسقانى چاكارلار كاھبېگى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلاتتى. چاكارلار كاھبېگى دائىم ئاگنى، چۇقۇ ۋە ۋائىرىيە بەگلىكلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن باج - سېلىق ئالاتتى»[1] دېگەن خاتىرىلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

ھۇنلارنىڭ قارا شەھەرگە قاراتقان بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى تاكى مىلادىدىن ئاۋ-

ۋالقى 60 ـ يىللىرىچە داۋاملاشقان بولۇپ ، قارا شەھەرنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن «يەنجى» ( 焉耆 ) دېگەن نامىمۇ دەل مۇشۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققاندى . يەنى ھۇنلار دەۋرىدە قارا شەھەردىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغاچقا بۇ مەزگىلدە بۇ جايغا ھۇنلاردىن زەربە يەپ غەربكە كۆچكەن توخرىلاردىن بىر تۈركۈم ئاھالىلەر ماكانلىشىپ تۇرۇپ قالغاندى . ھالبۇكى ، توخرىلار قارا شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىلىرى ئەمەس ئىدى ، قارا شەھەردىن تېپىلغان مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى قەبرىلەر بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا بولغان رايونلاردىن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، قارا شەھەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بىلەن زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىدى ، تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاھالىلىرى بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشەتتى . بۇنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا شەھەر ، تۇرپان ، كۇچا رايونلىرىدىن تېپىلغان بىر مەھەل «توخرى تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان قەدىمكى كۇسەن ، قارا شەھەر تىللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە ، قارا شەھەرنىڭ شۆەنزاڭ تەرىپىدىن خاتىرىلىنىۋېلىنغان «ئاگنى» دېگەن يەرلىك نامىمۇ ، قارا شەھەردە ياشىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى ئاتىلىشىنىڭ سانسكرىتچىلاشتۇرۇپ ئېيتىلىشىدىن كەلگەنىدى . يەنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ شۆەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى يەر جاي ناملىرىغا سانسكرىت تىلىنى ئاساس قىلىپ تەبىر بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى .

قارا شەھەرنىڭ قەدىمكى نامى قارا شەھەر ، كۇسەن تىللىرىدىكى ۋەسىقىلەردە «Arsi» دەپ ئاتالغاندى ، گېرمانىيە ئالىمى E. Seige «ئا» خىل شىۋىدىكى ھۆججەتلەردىكى Arsi تىلى بىلەن Arsi دېگەن جاي توغرىسىدىكى كەمتۈك جۈملىلەرگە ئاساسەن ، «ئارسى تىلى يەنى ئا خىل شىۋىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتاشتىكى ئەسلى نامى» ① دەپ ھۆكۈم قىلغاندى . بۇ خىل ھۆكۈم نۆۋەتتە قەدىمكى قارا شەھەر ، كۇسەن تىللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالغان يەكۈنگە ئايلاندى . «Arsi» قەدىمكى كارۋشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «Argiya» دەپ ، خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە «Arginva» دەپ ، مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەردە «Arkcik» دەپ ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا «Toquz Arsin» دەپ ، قەدىمكى پارس يېزىقىدىكى جۇغراپىيىۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دە «Ark» دەپ تىلغا ئېلىنغاندى . بۇنىڭ ئىچىدە كارۋشتى يېزىقىدىكى ئاتىلىشى بىر قەدەر بالدۇرقى دەۋرگە ئائىت بولۇپ ، ۋاقىت جەھەتتە ھۇن دەۋرىدە كۆرۈلگەن خەنزۇچىدىكى «يەنجى» دېگەن ئاتىلىشقا يېقىن كېلىدۇ . بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ، قارا شەھەرنىڭ خەنزۇچە مەتبەئەلەردە تىلغا ئېلىنغان «يەنجى» دېگەن نامىنىڭ ئەسلى ئاھاڭىنىڭ «Arsi» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى بىلەن باشقا ناملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ جايدا يۈز بەرگەن مىللەتلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىنىڭ يەر ناملىرىدا ئەكس ئېتىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ. بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «قېچىشقا باشلىغان توخرىلار شەرقىي قىسمىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ، غەربكە ئىلگىرىلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋۇشى ( 乌氏 ) قەبىلىسى قارا شەھەر ئويمانلىقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، يېڭى دۆلەت قۇردى. قۇرغان دۆلىتىنىڭ نامى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ نامى بويىچە «ۋۇشى» دەپ ئاتالدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندىن كېيىن «يەنجى» ( 焉耆 ) دەپ ئۆزگەرتىلىپ تەرجىمە قىلىندى»[3] دېگەن قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا غەربكە كۆچكەن توخرىلارنىڭ قارا شەھەر ئويمانلىقىدا تۇرۇپ قالغانلىقى ئىنكار قىلىنمىغان بولسىمۇ، «تارىخىي خاتىرىلەر ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن غەربىي روڭلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان ۋۇشىلارنى توغرىدىن - توغرا توخرىلارنىڭ بىر قەبىلىسى قىلىۋالغان. «قەدىمكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ فونېما قوللانمىسى» گە ئاساسلانغاندىمۇ، « 乌氏 » دېگەن ئىككى خەتنى «Arsi» دەپ بەلگىلىسەك بىرقەدەر قىيىن بولۇپ، « 乌 » خېتى «ŏk, uk» ياكى «a» دەپ ئوقۇلىدۇ، « 氏 » خېتى «zĭe» دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇنى « 焉耆 » دېگەن ئىككى خەتكە سېلىشتۇرساق، پەرق تېخىمۇ زور بولۇپ، « 焉 » خېتى «ĭan»[4] دەپ ئوقۇلىدۇ. ھالبۇكى، « 耆 » خېتى بولسا سانسكرىت تىلىدىكى «gi» گە توغرا كېلىدۇ. دېمەك بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قارا شەھەرنىڭ تارىختىكى بىرقانچە خىل ناملىرىنىڭ ھەممىسى «Arsi» نى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق si ياكى gi/ki لار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىدى.

«ئارسى» دېگەن نامنىڭ قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلگەن «Toquz Arsin» دېگەن ئۆزگەرتىلىپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بۇ قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدىكى ئاتىلىشىغا بىرقەدەر ھۆرمەت قىلىنغان ئاتىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ توغرىسىدا ۋاڭ جىڭرۇ ئەپەندى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، «ۋېينامە»، «سۈينامە» ۋە «جۇنامە» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «ئاگنى ئېلىنىڭ ئىچىدە توققۇز شەھەر بار» دېيىلگەن. «ھودۇدۇلئالەم» دە بولسا ئۇنى «دەريانىڭ قىرغىقىدىكى كىچىك شەھەر، «ئۇنىڭ قارمىقىدا يەتتە كەنت بار» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى تۈرك خانلىقى (680 - 744) نىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا قارا شەھەرنى «توققۇز ئارسىن» دەپ ئاتىشى، بۇ جايدا توققۇز شەھەر ياكى توققۇز قەلئەنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالاھەزەل 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى «ھودۇدۇلئالەم» يېزىلغان ۋاقىتتا، دائىرىسىنىڭ ئەسلىدىكىسىدىن كۆپ كىچىكلەپ، پەقەت يەتتە كەنت بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قارا شەھەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تارىخىدىكى يەنە بىر زور ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك تەپرىقىچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن بىر گەۋدىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

قارا شەھەرنىڭ ھونلارنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىدىن كېيىنكى دەۋرى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۈستۈنلۈك دەۋرى بولۇپ، مىلادى 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، بۇ جايلاردا ياپبان، جۇرجان، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق خەلقلەر ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن زوراۋانلىق تالاشقانىدى. مىلادى 552 - يىلى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندا، ئىستەمى قاغان ئاكىسى ئاشىنا تۇمەننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قارا شەھەرنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭ دۆلىتىنى تىنجىتىپ تۇرغانىدى. مىلادى 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچۇدىكى كۇي جەمەتى خاندانلىقىنى ھامىسىغا ئالغاندىن كېيىن، 644 - يىلى قارا شەھەرنىمۇ تىنجىتىپ، بۇ جايدا قارا شەھەر تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغانىدى. 7-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تۇبۇتلەرنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا سىڭىپ كىرگەچكە، 670 - يىلىغا كەلگەندە تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتا 18 ئايماقنى ئىشغال قىلىۋالدى. ھەمدە ئودۇن بىلەن بىرلىشىپ، كۇسەن بىلەن بارخانغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى كۇسەن، ئودۇن، قارا شەھەر، سۇلى قاتارلىق جايلاردا تۆت قورغان تەسىس قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇبۇتلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي چېتىنى تالىشىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغاچقا، قارا شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، بولۇپمۇ «ئەنلۇشيەن - شى سىمىڭ» دىن كېيىن تۇبۇتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەنلەشكەچكە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئورنىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلار، تۇبۇتلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلدى. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى «تۇبۇتلەرنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن تۆت Toxri قوشۇنلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن جايلارنىڭ قوشۇنلىرىنى» ③پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۆت Toxri ئەمەلىيەتتە قارا شەھەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا قارا شەھەر مانى دىنىنىڭ شەرقتىكى دىنىي رايونىنىڭ 4 - تارقىتىش رايونىغا تەۋە ئىدى. ئاتىلىش جەھەتتىمۇ قەدىمكى Arsi دېگەن نامدىن كەلگەن «يەنجى» دېگەن ناممۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلۈشتىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر تارىخىي نام — «سۇلمى» دېگەن نام ئىگىلىدى.

قارا شەھەرنىڭ سۇلمى دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن دەۋرى ئەمەلىيەتتە قارا شەھەرنىڭ توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈش ۋەقەسىدىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. بۇ دەۋردە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلىسىنىڭ پانتېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تارمىقى قارا شەھەر ئويمانلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاق تاغنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ ماكانلاشقان ئۆزلىرىنىڭ «ز» دىئالېكتىكىدا سۆزلىشىدىغان تارمىقىدىكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كەڭ - كۆلەملىك مىللىي ئاسسىمىلاتسىيىگە ئاساس سالغانىدى ھەمدە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىمۇ بىر گەۋدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاند-

دا ، ئۇيغۇرلار زور بىر مۇقىم نىسبىي ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ ، يەرلىك خەلقلەرمۇ ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ناھايىتى روشەنكى ، بۇ غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋال بولۇپ ، بۇنىڭدىن قەدىمكى «ئارسى» ئېلىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە ئۇنىڭ داۋامىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ .

قارا شەھەرنىڭ سۇلمى دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن دەۋرى ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق جەريانى بولۇپ ، بۇ جەريان تاكى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغانغا قەدەر داۋاملاشتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا شەھەر بىر مەھەل دوغلات جەمەتىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن «ئافتاب رويى» دېگەن زېمىننىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ ، «14 - ، 15 - ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى بۇ جايغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن چالىش دەپ ئاتالدى . »[①] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يازغان «تارىخىي رەشىدى» دېكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، «چالىش» دېگەن نام ئالاھەزەل تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلۈپ ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىنى دوغلات ئەمىرلىرىدىن بولاجىنىڭ ئىنىسى قەمىرىدىن ئىگىلىۋالغان ۋاقىتلاردىلا مەۋجۇت ئىدى . يەنە شۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردا كۆرسىتىلىشىچە ، قەمىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىلياس خوجا باشلىق 18 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، كىچىك ئوغلى خىزىر غوجىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا ، خىزىر خوجىنى بولاجىنىڭ ئايالى يەنى خودايداتنىڭ ئانىسى مىر ئاغا يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغانىدى . بۇ ھەقتە مىر ئاغىنىڭ خىزىر خوجىنى ناھايىتى سىر تۇتۇپ ساقلىغانلىقىغا ئائىت بىر ھېكايە خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن :

«تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا خان ، قوچاقتىكى چېغىدا ، ئەمىر خودايداتنىڭ ئانىسى مىر ئاغا تەرىپىدىن قەمىرىدىننىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغانىدى . خىزىرخوجا خان 12 ياشقا تولغان ۋاقتىدا (ئۇنىڭ يېقىنلىرى ) ، ئەمىر قەمىرىدىننىڭ داۋاملىق زەھەرلىك قول سېلىشىدىن ئەنديشە قىلىپ ، ئۇنى ئېلىپ قەشقەردىن ئايرىلغانىدى . ئەمىر خودايدات بىرقانچە سادىق ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ بىرگە ئەۋەتمەكچى بولدى . بىراق مىرئاغا بۇ پىلانغا قوشۇلماي : « . . . . . شۇڭا ياتلارنى ئەۋەتىشكە بولىدۇكى ، ھەرگىز ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ» دېدى . بۇنىڭ بىلەن خودايدات 12 ئادەمنى ئۇنى قوغداپ مېڭىشقا ئەۋەتتى ، كېيىن بۇ 12 ئادەمنىڭ ھەممىسى ئەمىر بولدى . ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەۋلادلىرى ھازىرغىچە ياشىماقتا . بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ ئېتى ئارجەراق ئىدى ، ئۇ ئىتارچى ئەمىرلىرىنىڭ ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ . يەنە خارازملىق تاجارمۇ بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خونزا ئەمىرلىرىدۇر . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىرسى چالىش قەبىلىسىدىن بولغان سەئىد ئىدى ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئەمىر بولغانىدى ، لەقىمى قوشچى ئىدى . لېكىن ئۇلارنى يەنە بۆكۆلداش (قېرىنداش ) دەپمۇ ئاتىشاتتى . بۇ بىرقانچە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەمىرلىك ئورنىغا ئېرىشكەنىدى .

قالغانلىرىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئەمىرلىككە ئېرىشتى» . ⑦

دېمەك ، يۇقىرىدىكى خاتىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، چالىش دېگەن نام تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلۈپ ، خىزىرخوجا سىرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەندە ، يەر نامى سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى قەبىلە ياكى قوۋم نامى سۈپىتىدە كۆرۈلگەنىدى . «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئېنگلىزچە نەشرىنى تەييارلىغۇچىلىرى ئۇنى «قەبىلە نامى» دەپ ئىزاھلىغانىدى . قارىماققا بۇ مۇھىم بىر يىپ ئۇچىدەك قىلسىمۇ ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېسەن بوقاخان II توغرىسىدىكى يەنە بىر بايانىدا ، «تۇرپان ۋە چالىش» دەپ يەر نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانىدى . بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، «چالىش» قارا شەھەر ئويمانلىقىدا ياشاپ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قانداقتۇ بىر يەرلىك قوۋمنىڭ نامى بولۇپ ، ئېسەن بوقاخان II نىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە يەر نامى سۈپىتىدە مەلۇم بولغانىدى . بۇ ۋاقىت ھىجرىنىڭ 873 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە يەنى مىلادىنىڭ 1468 ـ 1469 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىگە توغرا كېلىدۇ .

قارا شەھەرنىڭ «چالىش» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان دەۋرى ، بۇ جايدا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . بەلكى ئۇنىڭغىچە ناھايىتى ئۇزاق جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى . بۇ جەرياندا قارا شەھەر خىزىر خوجا تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ «بېشبالىق» نامىدىكى گەۋدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىگىدارچىلىقىدا بولدى ، كېيىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ داۋامى بولغان «ئېلبالىق» ۋە تۇرپان سۇيۇرغاللىقى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كونترول قىلىنغان بولسىمۇ ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەركىبىدە ئۆزچىۋالا كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى . چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىغا قاراشلىق موغۇل قوۋملىرىنىڭ ئاساسەن يەرلىكلىشىپ ، خۇددي پەخىرلىك تارىخشۇناسىمىز مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئېيتقاندەك ئەمدىلىككە كەلگەندە ئۆزلىرىنى قايتا «موغۇل» دەپ ئاتاشتىنمۇ خىجىل بولۇپ قالىدىغان بولغانىدى . لېكىن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى ، «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئېنگلىزچە نەشرىنى تەييارلىغۇچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىن دائىرىسىنى تىلغا ئېلىپ كېلىپ ، «شىمال تەرەپتە تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئارىلىقلىرى بىلەن يۇلتۇز دەريا ۋادىلىرى ئەتراپىنىڭ 16 ـ ئەسىردىكى ئاھالىلىرى پۈتۈنلەي ئويراتلار يەنى قالماقلار بولۇشى كېرەك ، بەلكىم ئۇزۇندىن بېرىلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن» ⑧ دەپ كۆرسىتىدۇ ، بۇنداق قاراش ئىلمىي ئاساسسىز پىكىر بولغانىنىڭ ئۈستىگە ، ئويراتلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىگە قاچانلاردىن باشلاپ كېلەلىگەنلىكىگە دىققەت قىلىنمىغانىدى .

شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخ» بىلەن موللا مىرسالىھ يازغان «چىڭگىزنامە»دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئابدۇرەشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرەھىمخان ، مۇھەممەتخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەتخان (1609/10-1619/20 )نىڭ دەۋرىدە ئۆزىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن تۇرپان بىلەن چالىش رايونىدا ، ئىككى نۆۋەت ئويراتلار بىلەن ئۇچراشقانىدى . بىرىنچى نۆۋەتتە تۇرپانغا يېتىپ بېرىپ ئويراتلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى

خۇدابەندى سۇلتانغا قارشى تۇرغانىدى. ئىككىنچى نۆۋەتتە بولسا چالىشتا ئويراتلاردىن ياردەم سورىغان مۇھەممەتخاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت ھاشىم سۇلتانغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى كۆزدىن يوقاتقانىدى. دېمەك بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، جۇڭغارلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بولغان ئويراتلارنىڭ قارا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز ۋادىسىغا كۆچۈپ ماكانلىشىشى، ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ خانى شۇجائىدىن ئەخمەتخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى بولغان 17 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ ۋە 20 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئەمەلگە ئاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ، ھازىرقى قارا شەھەردە ماكانلىشىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ شۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئاساس سالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەھۋال دەل شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا جۇڭغار خانلىقىنىڭ قارا شەھەر رايونىغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى زادى قاچاندىن باشلاپ ئورنىتىلغان؟

جۇڭغار خانلىقىنىڭ قارا شەھەرنى ئىگىلىشى، ئويراتلارنىڭ يۇلتۇز ۋادىسىدىكى كېيىنكى تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى، ئۇلار يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا ۋە ئىسمائىلخان ھەم جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن سېڭگى ۋە غالداننىڭ دەۋرىدىمۇ داۋاملىق يۇلتۇز ۋادىسىدىن قارا شەھەرگە قاراپ كېڭەيمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ناملىرى ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، «يۇلتۇز» دېگەن سۆز ئويراتلار قارا شەھەر ۋە يۇلتۇز ۋادىسىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن تارىخنامىلەردە بۇ نام «鹰娑» (يىڭشا) دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە «سۇينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «چۇرلۇق قاغانىنىڭ مۇقىم تۇرۇشلۇق ئورنى يوق، كۆپىنچە ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىدا تۇراتتى، ئۇ ئىككى كىچىك قاغاننى تەختكە چىقىرىپ، شۇلار ئارقىلىق قوۋمىلىرىنى بۆلۈپ ئىدارە قىلغان. قاغانلارنىڭ بىرى شاشنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ، شۇ جايدىكى غوزلارنىڭ ئېلىنى ئىدارە قىلغان، يەنە بىرسى كۇسەننىڭ شىمالىدا تۇراتتى، بۇ جاي يىڭپۇ (鹰婆) دەپ ئاتىلاتتى»⑨ دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى چۇرلۇق قاغان ئىستەمى قاغاننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان يانسۇ تېكىننىڭ ئوغلى نىيۋات چۇرلۇق قاغانىدى. يىڭپو (鹰婆) بولسا «鹰娑» نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى ئىدى. ليۇيېتاڭ ئەپەندى ئۇنى «كۇسەننىڭ شىمالىدا، يۇلتۇز (Yulduz) ۋادىسى دەپ ئاتىلىدۇ»⑩ دەپ كۆرسىتىدۇ. يۇلتۇز ۋادىسىنى يەنە 1389 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئاقساق تۆمۈرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چالىش ۋە يۇلتۇز ۋادىسىغىچە بارغان شەرىپىدىن ئەلى يەزدىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۆۋەندىكىدەك تەرىپلەپ يازغانىدى:

يۇلتۇز ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ۋە كۆڭۈللۈك جاي ئىكەن، بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان ياخشى بۇلاقلار بولغاچقا، مال بېقىش بىلەن ئادەملەرنىڭ تۇرۇشىغا ناھايىتى قولايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ نامىمۇ بۇ گۈزەل بۇلاقلارنىڭ نامىغا ئاساسەن، «سەھەردىكى يۇلتۇز» دېگەن مەنىدە «يۇلتۇز» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ جاينىڭ ئوت ـ چۆپلىرى ئىنتايىن بولۇق ھەم قۇۋۋەتلىك بولغاچقا، ئورۇق ئاتمۇ بىر ھەپتىلا يايلىسا سەمىرىپ كۈچلىنىپ كېتىدىكەن.⑪

دېمەك شەرىپىدىن ئەلى يەزدى ئاقساق تۆمۈرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە يۇلتۇز ۋادىسىغا بارغاندى، ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغىنى بېشبالىق ھاكىمىيىتى قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى بولماستىن، بەلكى يۇلتۇز ۋادىسىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ چاغلاردا ئويراتلاردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ بالدۇر ئىدى. «يۇلتۇز» سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ، بۇ جايدىكى ئوتلاقلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنىڭ يۇلتۇزلاردەك توختىماي جىمىرلاپ ئېقىشىغا تەقلىد قىلىپ ئېيتىلىشىدىن كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۇسۇڭ «يۇلتۇز ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، يۇلتۇز (星) دېمەكتۇر. چۈنكى دەريانىڭ مەنبەسى خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدىغان بۇلاقلاردىن باشلىنىدۇ» ⑫ دەپ تەبىر بەرگەنىدى.

ئەمدى يۇلتۇز ۋادىسىغا 17 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ ۋە 20 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ئويراتلارغا كەلسەك، «ئويراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار ئويرات قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى خويىتلار ئىدى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، خوشۇت، جۇڭغار، تورغۇت، دۆربىت قەبىلىلىرىنىڭ كۈچى پەيدىن ـ پەي زورايدى، ئەمما خويىتلار بولسا كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى» ⑬ بۇ مۇقەررەر ھالدا قالغان ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ چەتكە قېقىشىنى، بولۇپمۇ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ يەكلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، خويىتلار مۇستەقىل قەبىلىگە ئايلىنالمىغانلىقى ئۈستىگە، بىر قىسىملىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاساسىي قىسمى تارباغاتايدا تۇرۇپ قېلىپ، دۆربىتلەرگە تەۋە بولغاندىن تاشقىرى، شۇچاغدا بىر قىسمى، ئۆزلىرىنىڭ 16 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى مەشھۇر يولباشچىسى ئېسىلبىي قىيانىڭ نەۋرىسى سۇلتان تەيشىنىڭ باشچىلىقىدا يۇلتۇز ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. شاھ مەھمۇت جوراس تەمىنلىگەن بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئۇلار بىلەن يەركەن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بىرقانچە قېتىملا كۆرۈلگەن بولۇپ، ئاساسەن چالىشتىكى ئاھالىلار بىلەن بىرقەدەر تىنچ ئۆتكەنىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىن بىرقەدەر يىراقراق جايغا بېرىپ ئورۇنلاشقاچقا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان كونتروللۇقى سەل بوشراق ئىدى. گاھىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قاراتقان بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىغا ئاۋاز قوشسا، گاھىدا قارشى سەپكە ئۆتىۋالاتتى. مەسىلەن، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى سېڭگى ئاشكارا ھالدا يەركەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، يولبارسخاننى تەختكە چىقارماقچى بولغاندا، يۇلتۇز ۋادىسىدىكى خويىتلارنىڭ ئاتامانى سۇلتان تەيشى ئىسمايىلخاننىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللاپ، ئىسمائىلخان تەرەپتە تۇرغانىدى. بۇنىڭدىن ئايانكى، ئىسمائىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىدىمۇ يۇلتۇز ۋادىسىدىكى ئويراتلار بىلەن چالىشنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر مۇقىم تىنچ ۋەزىيەت ئورنىتىلغانىدى. يەنى ئىلگىرى ئۇلار بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى سۈركىلىشلەر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ،

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادا- ۋەتنىڭ ئورنىنى دوستلۇق كەيپىياتى ئىگە- لىگەنىدى . قارىماققا بۇنى ھېس قىلىش بىرقەدەر قىيىنىدەك بولسىمۇ ، بۇ نۇقتىنى بىز شاھ مەھمۇد جوراس ئېيتقان «ئابدۇل- لاخان ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ پايتەختى بىلەن خوشلىشىپ ، ھىندىستان يولىغا را- ۋان بولدى . . . ئەنۋەر بەگ باشچىلىقىدا ئاقسۇ ئەمەلدارلىرى بىرلىشىپ ، يىلداڭ تەيجىگە كىشى ئەۋەتتى ، مەزمۇنى مۇنداق : ئىسمائىلخاننى ئاقسۇغا ئەكەلسۇن » [13] دېگەن سۆزلەردىن تامامەن چۈشىنىۋالالاي- مىز . شۇنىڭدەك خويتلارنىڭ ئاتامانى سۇلتان تەيشىنىڭ «يىلداڭ تەيجى» دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ كەڭ جامائەتچىلىكىنىڭ نەزىرىدىكى ئويلى- مىغان يەردىن پەيدا بولىدىغان ياكى ھەر- كىتىنىڭ «يەلدەك» تېز ئىكەنلىكىگە ئاسا- سەن شۇنداق دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى بى- لەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ھالبۇكى ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە غالدان چىق- قاندىن كېيىنكى ئەھۋال بولسا تامامەن باشقىچە بولۇپ ، ئېھتىمال يۇلتۇز ۋادىسى- دىكى خويتلارمۇ باشقا ئويرات قەبىلىلى- رىگە ئوخشاش ، پۈتۈنلەي غالداننىڭ ئەمىر پەرمانلىرىغا بويسۇنغان بولۇشى مۇمكىن .

يۇلتۇز ۋادىسىنىڭ غالدان تەرىپىدىن تىزگىنلىنىشى ، قارا شەھەر رايونىغىمۇ زور خەۋپ ئىدى . لېكىن غالداننىڭ يەر- كەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىش پىلانىنىڭ ئاۋۋال يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىس- مىدىكى سۇيۇرغاللىقىدىن باشلانغانلىقىدىن قارىغاندا ، ئەزەلدىن «تۇرپان ، چالىش» دېگەن نام بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېلىۋاتقان ، قارا شەھەر ، 1678 ـ يىلى تۇرپان بويسۇندۇرۇلغاندىلا ئاللىقاچان ئۆز سالاھىيىتىدىن قالغانىدى . تەركىي دۇنيا- چى نەقشبەندىچىلەرنىڭ تومانلىرىدا قال- غان يەركەن ھۆكۈمرانلىرىمۇ بۇ ئەھۋالغا قارىتا بىرەر تەدبىر قوللانمىغانىدى . شۇ سەۋەبتىن 1680 ـ يىلى غالدان تەڭرىتاغ- نىڭ جەنۇبىغا كەڭ ـ كۆلەمدە يۈرۈش قىلغاندا ، قارا شەھەر قارشىلىقسىز ئىگە- لەنگەن جايلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ھەممە- دىن بۇرۇن جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىپ ، يېڭى بىر تارىخىي قىسمەتنى كۈتىۋالدى .

قارا شەھەرنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغان دەۋردىكى يې- ڭى قىسمىتى ، قارا شەھەرنىڭ ئىلگىرىكى ئاگنى ، سۇلمى ، چالىش دېگەن ناملار بى- لەن كۆرۈلگەن تارىخىي جەريانىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر جەريان بولۇپ ، شۇن- دىن كېيىن «چالىش» دېگەن نامىمۇ ئاس- تا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى . ئۇنىڭ ئورنىنى ، ئارىدىن ئاز كەم يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، يېڭى بىر تارى- خىي نام ـ «قارا شەھەر» دېگەن نام ئىگە- لەپ ، بۇ رايوننىڭ تارىخىدا باشقىچە بىر سەھىپە ئاچتى . بىزنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالىدىغانلىرىمىزمۇ پەقەت جۇڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ يىللار مابەينى- دىكى قارا شەھەرنىڭ تارىخىدىكى ئۆزگە- رىشلەر بىلەن ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تېپى- دىكى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

جۇڭغار خانلىقىنىڭ قارا شەھەرگە قا- راتقان ھۆكۈمرانلىقى ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇ- بىدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش ، دەسلەپ غالدان يۈرگۈزگەن «ۋاكالىتەن ھۆكۈمران- لىق قىلىش» ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلغا- نىدى . موللا مىرسالىھ كاشغەرى يازغان «چىڭگىزنامە» دىكى ئايرىم دەلىللەرگە ئا-

ساسلانغاندا ، غالدان تەخىرتاغىنىڭ جەنۇبىـ نى بويسۇندۇرغاندا ، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە زور ياردەم قىلغان يەركەن خانلىـ قىنىڭ شەرقىي قىسىم سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بابىخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد ئىمىنگە تۇرپاننىڭ ھۆـ كۈمرانلىقىنى بەرگەن ، «چىلىڭ ئوردىسىـ نىڭ شىخزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىـ لىرى» دە كۆرسىتىلىشىچە ، مۇھەممەد ئىمىن شەرقىي قىسىمغا قايتىپ ، تۇرپانـ نىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندا ، چىلىڭ سۇلالىـ سىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، شەرقىي قىسىمنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرغانىدى . بۇنىڭدىـ كى شەرقىي قىسىمنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايـ لىنىش ، ئەمەلىيەتتە ئەزەلدىن تۇرپان راـ يونى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەلگەن چاـ لىش يەنى قارا شەھەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېـ لىشى مۇمكىن . شۇنداقتىمۇ قارا شەھەرـ دىكى يۇقىرالارنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يۇقىرالىرىغا ئوخشاش جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن ئېغىر ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈتۈشى ھەممىگە ئايان ئىدى . لېكىن 1682 ـ يىلى يەركەن خانـ لىقىنىڭ تەختىگە ئاپپاق خوجىنىڭ ئىتتىـ پاق تۇزۇشى بىلەن چىققان مۇھەممەد ئىـ مىنىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ، خانلىق دائىرىـ سىدە نىسبىي مۇستەقىللىق ۋەزىيەت كېـ لىپ چىقتى . گەرچە ئۇنىڭ دەرىجىسى دەسلەپ ئۇنچىۋالا گەۋدىلىك بولمىسىمۇ ، 1688 ـ يىلى غالدان پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي موڭغۇللارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتـ لانغاندا كۆرۈلۈپ ، ئۆز ئالدىغا ئون يىلدىن ئارتۇق ئايرىم بولۇش ھالىتىگە قايتتى . بۇ جەرياندا قارا شەھەرنىڭ تۇزۇلمىسىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى .

1700 ـ يىلى سېڭگىنىڭ ئوغلى سىـ ۋان ئارابتان جوڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەخىرتاغىنىڭ جەنۇبىنى قايتا ئىگىلىگەندە ، ئۇ غالداننىڭ دەۋرىدىـ كى باشقۇرۇش تۇزۇلمىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ، ھەربىر شەھەرگە بىردىن ھاـ كىمبەگ تەيىنلىگەنىدى . ئەلۋەتتە بۇنىڭـ دىن قارا شەھەرمۇ مۇستەسنا ئەمەس . لېـ كىن قارا شەھەرنىڭ تۇزۇلمىسىدىكى ئۆزـ گىرىشلەر جوڭغار خانلىقىغا مانا مۇشۇ سىـ ۋان ئارابتان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ( 1697 ـ 1727 ) دە كۆرۈلگەن ئىدى . ئەينى مەزگىلدە جوڭغار خانلىقى چىلىڭ سۇـ لالىسىنىڭ كۈچلىرىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ رايونىغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېـ لىش ئۈچۈن ، يەنە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى قارا شەھەرگە كۆچۈرگەنىدى» . بۇ ۋەقە چىلىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭمۇ دىققىتىـ نى قوزغىغاچقا ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈپ بارغان ئورنىنى «چالىش» دەپ تىلغا ئالماي «قارا شەھەر» دەپ تىلغا ئالـ غانىدى . بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، «قارا شەھەر» دېگەن نامنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى چىلىڭ سۇلالىسى تەخىرتاغـ نىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاتـ لانغان 1757 ـ يىلى بولماستىن ، بەلكى سىۋان ئارابتان تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرـ لارنى قارا شەھەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرگەن 1720 ـ 1721 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەيـ نى ئىدى .

جوڭغار خانلىقى تەرىپىدىن قارا شەـ ھەرگە كۆچۈرۈلگەن بۇ ئاھالىلەر قارا شەـ ھەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمىدى . ئۇلار ھەدىـ سىلا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەچكە ، سىۋان ئارابتان ئۇلارنى يەنە قارا شەھەردىن ئېخىمۇ يىراق بولغان ئۇچقا كۆچۈرگەنـ دى ، بۇ قارا شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك

ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا خاتىرجەمسىز۔
لىك ئېلىپ كەلگەچكە ، ئۇلارنىڭ تەركىۋى۔
دە زور داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا شەھەرنىڭ يەر۔
لىك ئاھالىلىرى ئازلاپ كەتسە كەتتىكى
ھەرگىز كۆپەيمىدى . قارا شەھەرنىڭ بۇ
مەزگىلدىكى يەرلىك ئاھالىلىرى توغرىسى۔
دا «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرى۔
تىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» دا بىر۔
قەدەر ئىشەنچلىك خاتىرە قالدۇرۇلغان
بولۇپ ، ئۇنىڭدا «قارا شەھەر ئەسلى لوپ۔
نۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانى ئى۔
دى » [15] دېيىلگەن .

قارىماققا بۇ سۆز شۇنداقلا دېيىلىپ
قالغاندەك بىلىنسىمۇ ، ئۇنىڭدا مۇھىم بىر
مەسىلە يەنى سىۋان ئارابتاننىڭ دەۋرىدە
ئويرات چارۋىچىلىرىنىڭ قارا شەھەرگە
كەڭ ـ كۆلەمدە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاش۔
مىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ دىق۔
قەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىنىڭ
بىرى بولۇپ ، بۇنداق بولغاندا ، بەزى ئە۔
سەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان : «مىڭ سۇ۔
لالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
باشلىرىدا ئويرات موڭغۇللىرىدىن بولغان
غالدان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى
بېسىۋالغاندا ، قارا شەھەرنىمۇ ئىشغال قى۔
لىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ مال باقىدىغان
جايلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان » [16] دېگەن ھۆ۔
كۈمنىڭ سەل بالدۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەن۔
دۈرۈپ بېرىدۇ .

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بەزى
تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، ئويرات
چارۋىچىلىرىنىڭ قارا شەھەرگە كېلىپ ما۔
كانلىشىشى ، سىۋان ئارابتاندىن كېيىن
تەختكە چىققان غالدان سېرىنىنىڭ دەۋرى
(1745 ـ 1727 ) دە يۈز بەرگەن بولۇشى
مۇمكىن . بۇنداق دەپ قاراشتىكى سەۋەب
شۇكى ، غالدان سېرىنمۇ ئوخشاشلا ئاتىسى
سىۋان ئارابتاننىڭ سىياسىتىنى يۈرگۈز۔
گەچكە ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار
خانلىقىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى
زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكە۔
نىدى . گەرچە غالدان سېرىن تۇرپان ۋە
قومۇل رايونىغا قارىتا بىرقانچە قېتىم ئۈچ
ئېلىش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت ئې۔
لىپ بارغان بولسىمۇ ، ھەممىسىدىلا ئو۔
ڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى . بۇ جەرياندا ئۇ
چىڭ سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق تىركى۔
شىش ئۈچۈن بىرقەدەم چېكىنىپ ، ئاتىسى
تۇرپان ئاھالىلىرىنى كۆچۈرگەن قارا شە۔
ھەرنى بىرقەدەر مۇھىم دەپ بىلدى . شۇ
سەۋەبلىك ئۇ 1737 ـ يىلى چىڭ سۇلالى۔
سى بىلەن ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلىپ ،
سۇلھى تۈزگەنگە قەدەر قارا شەھەرگە ئوي۔
رات ئاھالىلىرىدىن ئىككى ئوتوغ (otoY )
يەرلىكتىكى نوپۇسنى كۆچۈردى . شۇ
سوڭنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا
قارا شەھەرگە كۆچۈرۈلگەن بۇ ئويرات ئا۔
ھالىلىرى غالدان سېرىنغا بىۋاستە قاراش۔
لىق جۇڭغار قوۋمىدىن بولۇپ ، «قارا شە۔
ھەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭغار قەبىلى۔
سىنىڭ ماكانلىرىغا ئايلاندى » [17] . قارا شە۔
ھەرگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان بۇ ئىك۔
كى ئوتوغنىڭ نامى تارىخىي ماتېرىياللاردا
ئايرىم ـ ئايرىم ماقاس (Maqas ) ۋە شى۔
راس (Siras ) دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ ،
ماقاسنىڭ قارمىقىدا بەش مىڭ تۈتۈن ،
شىراسنىڭ قارمىقىدا ئۈچ مىڭ تۈتۈن بار
ئىدى . ئۇلار «قارا شەھەردىكى قايدۇ دەر۔
ياسىنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقانىدى . »
ھەتتا كېيىنچە تېخىمۇكېڭىي۔
يىپ كورلىدىكى ئاھالىلەرنىمۇ ئەنسىز۔

لىككە سالغاندى .

ئۇنداق بولسا ، جۇڭغار قوشۇنلىرى قارا شەھەرگە كۆچۈپ كېلىشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە بۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى قايسى جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن ؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىلگىرىكىلەردىن ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس . «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» دە مۇجمەللا قىلىپ ، قارا شەھەر «ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى ئىدى» مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى «جۇڭغارلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە تايىنىپ ، ئۇ جايلارنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىپ ، مال باققىدىغان ئوتلاقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلۈكسىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ ، قاچىدىغانلىرى قېچىپ ، زېمىنلىرى بوش قالغان» ⑱دېيىلگەن . شۇنداقتىمۇ «ئۇيغۇرلار رايونى توغرىسىدا ئومۇمىي تەسىرات» تا بېرىلگەن كورلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارا شەھەردىكى جۇڭغارلارنىڭ تەھدىتى تۈپەيلىدىن 1756 ـ يىلى توختى ماموت دورغىنىڭ باشچىلىقىدا لوپنۇرغا كۆچۈپ بېرىپ پاناھلانغانلىقى ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» دا خاتىرىلەنگەن «قارا شەھەر ئەسلى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىدىن ئىدى» دېگەن ئۇقۇمغا ئاساسلانغاندا ، بۇ ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ لوپنۇر تەۋەسىگە قېچىپ بېرىپ جان ساقلىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ .

بۇ خىل ھالەت قارا شەھەردە تاكى 1756 ـ 1757 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىگىچە داۋام ئەتكەنىدى . ئاندىن كېيىن بۇ جاي جۇڭغار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتتى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتۈش ، يېڭى بىر يۈزلىنىشتىن دېرەك بەرسىمۇ ، ئەمما چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى بۇ جاينىڭ سىۋان ئارابتانىنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ دۇچ كەلگەن ھەرخىل قىسمەتلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەچكە ، ئۇنى تاشلىۋېتىپ قاراپ تۇرمىدى . ئەكسىچە بۇ جاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئالدى بىلەن كونا شەھەرنى رېمونت قىلىپ ، تارقىلىپ كەتكەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىز ـ دېرىكىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى . بۇ ھەقتە «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن :

«چىگرىنى تىنجىتقۇچى سانغۇن جاۋ خۇي قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن مەكتۇپ يوللاپ ، ئىلىدا ئۇزاق تۇرغان ، لېكىن ئوغرىلارغا ئەگەشكەن بېزىرگان دەپ ئاتالغان سودىگەرلەر ، تارىئانچى دەپ ئاتالغان يەر تېرىيدىغانلار ، ئۇشاق دەپ ئاتالغان ئۇرۇش قىلالايدىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل تاغلىق ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ، (قارا شەھەرگە ) ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى . يەنە داۋاملىق بۇرۇنقى ئورۇنلىرىدىن باشقا شەھەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇلارنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى . چوڭ قوشۇن زەپەر قۇچقاندىن بۇيان چاقىرتىپ كەلگەنلەرنى بوز يەر ئاچقۇزۇپ ، ئىككى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى . ھەمدە كونا شەھەرنى رېمونت قىلىپ ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ ، ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە ئىككى دەرۋازا ئاچتى . دائىرە-

ـسى ئۇچ چاقىرىمدىن ئاشاتتى .»[19]
دەۋرەقە چىلق سۇلالىسىنىڭ سىياسەت۔
لىرى راستتىنلا ئۇنۇم بېرىپ ، چىيەنلوڭ
خانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە ،
قارا شەھەرنىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئاھالى۔
لىرىدىن 1330 تۇتۇن ، 5390 نوپۇس
توپلانغانىدى ، جياچىڭ دەۋرى (1821۔
1796 ) گە كەلگەندە كۆپىيىپ 1377 تۇ۔
تۇن ، 11,920 نوپۇسقا يەتكەنىدى ، بۇ ۋا۔
قىتتا قارا شەھەر تەۋەسىدىكى ئويرات پۇق۔
رالىرىنىڭ نوپۇسىدىمۇ زور ئاۋۇش يۈز
بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇلار 1771 ـ يىلى
ۋولگا دەريا بويىدىن كۆچۈپ كېلىپ ، يۇل۔
تۇز ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان تورغۇتلار بى۔
لەن 1773 ـ يىلى شەرقتە ئۇششاقتالدىن
جەنۇبتا قايدۇ دەرياسىغىچە ، غەربتە كى۔
چىك يۇلتۇزغىچە ، شىمالدا چاغان توڭگا
تېغىغىچە بولغان جايلاردا ئولتۇراقلاشقان
قوشۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . غالدان
سېرىنىڭ دەۋرىدە قارا شەھەرگە كېلىپ
ئورۇنلاشقان جۇڭغار قوۋمىنىڭ ئەسلىدى۔
كى ئىككى ئوتوغى بولسا ، 1757 ـ يىلى
چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەگرىتاغ۔
نىڭ جەنۇبىنى بويـسۇنـدۇرۇشـقا ئـاتـ۔
لانغـانـدىلا ئاللىقاچان باشقا جايلارغا كې۔
تىپ قالغانىدى .

يۇقىرىدا ، بىز جۇڭغار خانلىقىنىڭ
قارا شەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دا۔
ئىر مەزمۇنلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . ئۇلاردا
قارا شەھەردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر۔
نىڭ تەركىبىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن قارا
شەھەرنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر
ئەكس ئەتكەنىدى . بۇ ئارقىلىق شۇنداق
ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، قارا شەھەر۔
نىڭ «سۇلمى» ، «چالىش» دېگەن نام بى۔
لەن كۆرۈلگەن جەرىيانى ئەمەلىيەتتە «ئاگ۔
نى» دېگەن نامدىكى ئاتىلىش جەرىيانىنىڭ
داۋامى ئىدى . بۇ جەرىيان كېيىن «لوپنۇر
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماكانى» ياكى «ئۇيغۇرلار۔
نىڭ شەھىرى» دېگەن جەرىيان بىلەن داۋام۔
لىشىپ ، تەخمىنەن جۇڭغار خانلىقىغا غال۔
دان سېرىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر
(1745 ـ 1727 ) دە ئۈزۈلۈپ قېلىپ ،
چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەل۔
تۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە قايتا يەنە
ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . بۇ مەنىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا چىڭ سۇلالىسى قارا شەھەرنىڭ
ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىگە
مەلۇم جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرگەن دېيىش۔
كە بولىدۇ .

قارا شەھەر رايونىنىڭ جۇڭغار قوۋم۔
لىرى كۆچۈپ كېلىشىنىڭ ھارپىسىدىكى
ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىگە كەلسەك ، بۇ
جاي ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ
ئىزچىللىقى ئاساسىدا ، ھەم دېھقانچىلىقى
ھەم چارۋىچىلىقى ۋە باغۋەنچىلىكى تەرەق۔
قىي تاپقان ئاۋات بىر شەھەرگە ئايلانغانى۔
دى . بولۇپمۇ بۇ جاينىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ
مول ، ئوت ـ چۆپلىرىنىڭ ئەلۋەك بولۇ۔
شى ، بۇ جايدا ياشىغان خەلقلەرنى دېھقانچى۔
لىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى
راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن
ئەتكەنىدى . بىراق جۇڭغار قوۋملىرى قارا
شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن مەزگىلدە يۈز
بەرگەن بەزى سۇنئىي ئاپەتلەر بۇ جاينىڭ
ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا مۆلچەرلىگۈ۔
سىز ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ ، يەرلىك
ئاھالىلەرنىڭ يۇرت ماكانلىرىنى تاشلاپ
كېتىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .
«غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى» دا
خاتىرىلىنىشىچە ، قارا شەھەر ئەسلى «ئۇي۔
غۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى ، مۇۋ۔

لىك دەرەخ ۋە زىرائەتلىرىنىڭ ياخشىلىقى ، داللىرىنىڭ كەڭ ۋە چەكسىزلىكى بىلەن ھەقىقىي باياشاد ماكان » ③ دەپ تەرىپلەنگەندى » . دېمەك بۇ خاتىرىدىن ئايانكى ، 18 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى ، قارا شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكى تەرەققىي قىلغان ، چارۋىچىلىقى زور ئاساسقا ئىگە بولغان ، ئۈچ خىل ئىگىلىك شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى .

قارا شەھەرنىڭ بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى ، قارا شەھەر رايونىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قارا شەھەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىغانىدى . يەنە كېلىپ بىز بۇ نۇقتىنى «غەربىي يۇرتنىڭ ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى » دە چۈشەندۈرۈلگەن «قارا شەھەر » ( 哈喇沙 ) توغرىسىدىكى «شەھەر ئۇيغۇر تىلىدا شەھەر دېگەنلىكتۇر ، شەھەرنىڭ سېپىلى قارا بولغاچقا ، شۇڭا قارا شەھەر دەپ ئاتالغان » ④ دېگەن تەبىرىدىنمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز . بۇ چۈشەنچە قارا شەھەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بېسىپ ئۆتكەن جەريانلىرىغىمۇ تامامەن ماس كېلىدۇ . شۇڭا قارا شەھەر دېگەن نامنى جۇڭغار قوۋملىرى قارا شەھەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش ⑤ ، بۇ جاينىڭ شۇ چاغدا قانداق ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك .

**************

ئىزاھلار :

① «خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 849 ـ بەت .

② E. Siege «توخرى تىلىنىڭ ئەسلى نامى» SPAW ، 1918 ـ يىل نەشرى 560 ـ بەت ، خۇاڭ شېڭجاڭ يازغان «ئاتالمىش توخرى تىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ جۇغراپىيە ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل ، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 2 ـ كىتاب ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 248 ـ بەت .

③ چۈەن بو چۈەن «ۋۇشىلارنىڭ كۆچۈشى ۋە ئاگنى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى» ، «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان .

④ گوشىلياڭ «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 199 ـ بەت .

⑤ خۇاڭ شېڭجاڭ يازغان «ئاتالمىش توخرى تىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ جۇغراپىيە ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

⑥ جى شيەنلىن قاتارلىقلار ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسىگە ئىزاھ» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 49 ـ بەت .

⑦ ⑧ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» 1 ـ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 223 ـ ، 224 ـ ؛ 115 ـ بەت .

⑨ «سۆيىنامە ، توركلەر ھەققىدە قىسسە» 84 ـ جىلد .

⑩ لىيۇيىتالى «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» تەيۋەن دۆلەتلىك سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەجمۇئەسى 45 - بەت .

⑪ E. Bretschneider "Mediaeval Researches" Vol I , P, 230, LONDON, 1910

⑫ ⑰ شۇ سولى «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» 2 - جىلد ، لوپنۇرغا قۇيۇلىدىغان دەريالار .

⑬ «ئۇيراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 151 - بەت .

⑭ شاھ مەھمۇد جوراس نامىدىكى «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 187 - بەت .

⑮ ⑲ «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 24 - بەت .

⑯ «قارا شەھەرنىڭ يەرناملىرى تەزكىرىسى» 8 - بەت .

⑱ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» 2 - جىلد .

⑳ «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى» 3 - جىلد .

㉑ «غەربىي يۇرتنىڭ ئوخشاش تىللىق ئاللەر تەزكىرىسى» 1 - كىتاب 2 - جىلد ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەر ناملىرى .

㉒ يېقىندا نەشر قىلىنغان «قارا شەھەرنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» دە : «قارا شەھەر جۇڭغار تىلىدىكى سۆز بولۇپ ، خالا - قارا دېگەننى ، شەر - تۇزلەڭلىك دېگەننى بىلدۈرىدۇ ، يەنى قارا رەڭدىكى ياكى كەڭ كەتكەن تۇزلەڭلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان . شۇ كىتاب 8 - بەت .

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى : ئى . يۈسۈپ



# قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا نەزەر

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

I

## كىرىش

تۇرپان رايونى تارىختا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى . تۇرپان ئويمانلىقى يەر شەكلىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە يەرنىڭ چۆكۈشىدىن ھاسىل بولغان . ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدىغان بوغدا تېغى ، جەنۇب تەرىپىدە قۇرۇق تاغ بار . بۇ ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 50150 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، ئەڭ پەس يېرىدە دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇر بولغان دۇنياغا تونۇشلۇق ئايدىڭكۆل جايلاشقان . ئۇنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق ، ئىسسىق بولۇشتەك ئالاھىدە تەبىئىي شارائىتى نەتىجىسىدە تۇرپان رايونىنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدە ئىنتايىن مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەر ساقلىنىپ قالغان . شۇڭا ، تۇرپان ئېلىمىز بويىچە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

يىراق قەدىمكى دەۋردە قوچو رايونىدا قەدىمكى كىشىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان يادىكارلىق ئىزلىرى جەھەتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى . ھازىر قوچو دائىرىسىدە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ، قېزىۋېلىنغان سىلىق تاش قوراللىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىزلىرى بولۇپ ، يارغول ، ئايدىڭكۆل ، ئاستانە قاتارلىق جايلاردىن مەدەنىيەت ئىزلىرى كۆپلەپ تېپىلدى . قۇتتاغ يەنى ئىدىقۇت تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى سىڭگىم ئېغىزى بويىغا جايلاشقان يەر ئۈستىدە كۆپ مىقداردا سىلىق تاش قوراللار بولۇپ ، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ يەردىن 700 پارچىدىن ئارتۇق تاش قورال يىغىۋالغان . لېكىن سىلىق تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىق ئىزلىرى دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكى ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى بولۇپ ، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 20 ـ 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ[1] . بۇ خىل ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرپاننىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردە ئىنسانلار پائالىيەتتە بولغان تارىخىي جەھەتتىكى ئىزدىنىش مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى . تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بۇنىڭدىن 8 ـ 7 مىڭ يىل بۇرۇنلاردىلا قوچو رايونىدا ئىنسانلار پائالىيىتى بولغانلىقى شەكسىزكى ، بۇ خىل تاش قوراللار بىر خىل ئىپتىدائىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى سۈپ-

تىدە يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تا-
رىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يازغانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ .

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شۇ-
نى يورۇتتىكى ، قوچو رايونىدا ئەڭ دەس-
لەپتە پائالىيەتتە بولغان خەلقلەر غۇز ـ
گۇش ـ قوشلار بولۇپ ، قوشلار يېڭى تاش
قورال دەۋرىدىلا مۇشۇ جايدا پائالىيەتتە
بولغان . مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇن قوش-
لار سىنىپى جەمئىيەتكە كىرگەن بولۇپ ،
پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى
ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر
غەربىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىدە ئى-
دى ، لېكىن قوشلارنىڭ پائالىيەت دائىرى-
سى ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىدىن ھال-
قىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگىچە
يېتىپ بارغانلىقىنى بۇ جايلاردىن قېزىۋې-
لىنغان قوشلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك
مىللىي مەدەنىيىتى ئىسپاتلىدى . ئىككى
خەن مەزگىلىدە قوشلار خەن سۇلالىسى بى-
لەن ھونلاردىن ئىبارەت ئىككى زور كۈچ
ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، خەن سۇلا-
لىسى بىلەن ھونلارنىڭ غەربىي رايوننى
كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈ-
رىشىدە ئىككى تەرەپ كۈچىنىڭ زورىيىش
ۋە ئاجىزلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ كۈچلۈك
تەرەپكە بېقىندۇرۇلغانىدى . مىلادىدىن
ئىلگىرىكى 48 ـ يىلى خەن سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى قوشلار رايونىدا تىركەك چې-
رىكچى بەگ تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق ئىش-
لىرى بىلەن شۇغۇللانغان [2] . ئەمما قوش-
لار رايونى يەنىلا قوشلار شاھىنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا بولدى . ۋېي ، جىن سۇلالىلىرى
دەۋرىدە بۇ جايدا ئوتتۇرانچى تىركەك چې-
رىكچى بەگ تۇرغۇزغان . ۋېي ، جىن سۇلا-
لىلىرىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ شىمال تەرى-
پى بۆلۈنمە ھالەتتە بولۇپ ، نۇرغۇن خەلق-
لەر خېشى كارىدورىغا قېچىپ كېلىۋالغا-
نىدى . شۇ چاغدا خېشى كارىدورىنى ئىگى-
لەپ تۇرغان جاڭ گۇي 327 ـ يىلى ئال-
دىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى . ئال-
دىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى قوچودا ۋىلايەت
تەسىس قىلدى . ئالدىنقى لياڭدىن كېيىن-
كى بىرقانچە ھاكىمىيەتلەرمۇ ئىلگىرىكى
تۈزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ قوچودا ۋىلايەت
تەسىس قىلدى . 439 ـ يىلى شىمالىي
لياڭنىڭ خېشى كارىدورىدىكى ئوردىسى
شىمالىي ۋېي بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىل-
غان ۋاقىتتا خان جەمەتى قۇتقۇ غەربىتىكى
پىشاشان ۋە قوچوغا قېچىپ كەلگەن .
448ـ يىلى قۇتقۇ ئۇرۇقىدىكىلەر ئەسكەر
چىقىرىپ يارغولنى ئىشغال قىلىۋالدى .
قوشلار پادىشاھى قايلۇ ئاتا ـ بالا قالغان
قەۋىملىرىنى باشلاپ غەربىتىكى ئاگنى ـ
قارا شەھەرگە قېچىپ كەتتى . . . شۇنىڭ
بىلەن قوشلار پادىشاھلىقى يوقالدى . قوش-
لارنىڭ ئەسلى زىمىنلىرى قوچو ئېلى تە-
رىپىدىن كونترول قىلىندى . بۇ قوشلار
پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى قوچو پادىشاھلى-
قى ئالدى دېگەنلىك . مىلادى 460 ـ يىلى
شىمالىي لياڭ شاھى قۇتقۇ ئانجۇ جۇرجانلا-
ر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . جۇرجانلار قان-
بۇجۇ دېگەن ئادەمنى قوچو پادىشاھى قى-
لىپ تىكلىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ قوچو
ئېلى دەۋرىگە قەدەم قويدى [3] . قانبۇجۇ
خان دەپ ئاتالغاندىن باشلاپ قانسۇكۈي ،
جاڭ مىڭمىن ، مارۇلارگىچە سىياسى ۋەزى-
يەتتە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ھۆكۈم-
رانلىق مۇقىم بولمىدى . قانبۇجۇ جەمەتى-
دىن جەمئىي 3 كىشى خان بولۇپ 31 يىل
ھۆكۈمرانلىق (460 ـ 491) قىلدى .
جاڭ جەمەتى 5 يىل (491 ـ 496) ھۆ-
كۈمرانلىق قىلدى . مىلادى 500 ـ يىل
ئەتراپىدا كۈي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقنى
قولغا ئالدى . كۈي جەمەتىدىن ئاتا ـ بالا
جەمئىي 141 يىل (499 ـ 640) ھۆ-
كۈمرانلىق قىلدى . مىلادى 640 ـ يىلى
تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى خوجۇنجى باشچىلى-

قىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ قوچونى تىنجىتىپ
قوچودا غەربىنى تىنچلاندۇرغۇچى تۇتۇق
مەھكىمىسى تەسىس قىلدى ھەمدە غەربىي
ئايماق تەسىس قىلغان . ئايماقنىڭ ئاستىدا
بەش ناھىيە تەسىس قىلىنغان . ناھىيىنىڭ
ئاستىدا يېزا ، مەھەللە تەسىس قىلىنىدى[1]
. «سوڭ تارىخى قوچو تەزكىرىسى» دە ،
قوچو . . . تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەن دەۋرى-
دە خوجۇنجى قوچونى تىنچلاندۇرغاندىن
كېيىن ئۇ غەربىي ئايماق دەپ ئاتالدى .
لېكىن ئۇ ، ئۆتكۈلۈك سۆيگۈن توپىلىڭىدا
قولدىن كېتىپ قوچو ئۇيغۇر ئېلى يەنە
ئەسلىگە كەلدى . بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ياشاپ
كەلگەچكە ئۇلار قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەپ
ئاتالغان» دېيىلگەن[2] . مىلادى 8 ـ ئە-
سىرنىڭ 40 ـ يىللىرى شىمالىي قۇملۇق-
نىڭ شىمالىدىكى ئىچكى موڭغۇل قۇملۇ-
قىدا 100 يىلدەك سەلتەنەت سۈرگەن ئۇي-
غۇر خانلىقى 9 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللى-
رىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قەھەتچىلىك ،
ۋابا ، قار ـ جۇدۇن بىلەن نۇرغۇن چارۋا
ـ مال قىرىلىپ ، ئۆزلۈكسىز تەبىئىي ئا-
پەت كېلىشمەسلىككە ئۇچرىدى . ئۇنىڭ
ئۈستىگە ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى
نىزالىرى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قىلىن-
غان قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئۇي-
غۇر خانلىقىنى غۇلاتتى . غۇلىغان ئۇيغۇر
قەبىلىلىرى پېتىراپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئاز
بىر قىسمى ئۆز ماكانىدا قېپقالغاندىن باش-
قا ، كۆپ قىسمى غەرب ۋە جەنۇبقا قاراپ
كۆچتى . غەربكە قاراپ كۆچكەن 15 قەبىلە
ئۇيغۇر بولۇپ ، ئۇلار يان تېكىن باشچىلى-
قىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى
بېشبالىققا كېلىپ بۇ يەردىكى قەبىلىلەرنى
ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئولتۇراق دېھقانچىلىقنى
ئاساس قىلغان چارۋىچى خەلقلەرگە تايى-
نىپ ، بۇ يەرنى ئىگىلەپ تۇرغان تۇبۇت
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا زەربە
بەردى . پانتېكىن ئۆزىنى خان دەپ ئاتى-
دى . مىلادى 866 ـ يىل ئۇيغۇرلارنىڭ
سەركەردىسى بۇقاتېكىن قوچو رايونىدىكى
تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى
يىكار قىلىپ قوچونى ئىگىلىدى[3] . شۇنىڭ
بىلەن قوچو ۋە بېشبالىق شەھەرلىرىنى
مەركەز قىلغان شەرقتە ھازىرقى گەنسۇ
ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتى ، غەربتە
پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئودۇن (خوتەن) را-
يونى ، شىمالدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال
قىسمى ، جەنۇبتا قارا قۇرۇم تاغلىرىغىچە[4]
زىمىننى تېررىتورىيىسى ئىچىگە ئالغان قو-
چوئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنى قۇردى . قوچو ئۇ-
لۇغ ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆ-
لەتنىڭ خانى ئىدىقۇت نامىنى ئۆزىگە نام
قىلدى ، شۇڭا بۇ خانلىق ئىدىقۇت ئۇلۇغ
ئۇيغۇر ئېلى دەپ ئاتالغان . ئىدىقۇت ئەسلى
بېشبالىق ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان باسمىل
قەبىلىلىرى ئاقساقىلىنىڭ نامى بولۇپ
«بەخت ئىگىسى» ياكى «بەخت ئىلاھى»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[5] . قوچو بىلەن
بېشبالىقنى قوش پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت
ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى مەركىزىي ئاسىيادا
500 يىلدىن ئوشۇقراق ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگەن خانلىقلارنىڭ بىرى[6] بولۇپ ، بۇ
جەرياندا بۇ خانلىق مەركىزىي ئاسىيادا
ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى .
ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى ئۆزىنىڭ
جۇغراپىيىلىك ئورنى ، سىياسىي ، ئىقتى-
سادىي ، سودا ـ ئالاقە ، دىنىي ـ مەدەنى-
يەت ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، تارىخ جەھەت-
لەردە شىنجاڭ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا
ئىگە بولۇپ ، ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تە-
رەققىيات جەريانىدا سۇغىرىش دېھقانچىلى-
قى ، باغۋەنچىلىك ، قول ـ ھۈنەرۋەنچى-
لىك ، كارىزچىلىق ، رەسساملىق ، مەتبە-
چىلىك ، قەغەزچىلىك ، تىبابەتچىلىك ، كا-
لىندارچىلىق ھەمدە چارۋىچىلىق جەھەت-
لەردە كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان مۇۋەپپە-

قىيەتلەرگە ئېرىشىپ خانلىقنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ھاياتىنى بېيىتقان بولسا، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم قىسمى بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاممىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك پارلاق ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

يۇقىرىدا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە بولغان جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىش ئارقىلىق، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ قانداق ئىجتىمائىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ۋە شۇ تەرىقىدە 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت پارچىلىنىش ھالىتىدىن بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ھالەتتىكى مۇستەھكەم ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەتتىمۇ راسا گۈللەنگەن مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇلۇغ ئەھمىيەتلىك مەدەنىي گۈللىنىش دەۋرى بولغانلىقىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن جامائەتچىلىككە يۈزەكى قاراشلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىنىڭ بىرى ـ قوچو (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى جەھەتتىكى تەتقىقاتلارغا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئۇزۇندىن بۇيان ئىزدەنگەن ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا نەزەرىمنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئاغدۇرىمەن.

## Ⅱ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

### 1. تىل ـ يېزىق ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى

ئۇيغۇرلاردا يېزىق مەدەنىيىتى بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولۇپ راۋاجلانغان. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىز مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا مىللىي تىل (يېزىق)ى ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يېزىشقا باشلىغان. يېزىق مەدەنىيەتنىڭ بىردىن ـ بىر سىمۋولى — مەدەنىيەت ـ مائارىپنىڭ ئاساس قورالى. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆز تارىخىنى ئەدەبىي مىراسلىرىنى تاشلارغا، ھايۋانات تېرىلىرىگە، دەرەخ قوۋزاقلىرىغا، ياغاچلارغا يازغان بولغاچقا، ئۇ خىل قەدىمىي يېزىق ۋە ئۇ يېزىق شەكلىدە خاتىرىلەنگەن مەدەنىيەت مىراسلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە باشقا تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇزۇلۇپ يوقالغان. بۇنداق يېزىقلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا، گېرمانىيىلىك نېمىس (ئالمان) ئالىمى ئالبېرت ۋون لېكوك (1860 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېرلىندا تۇغۇلۇپ 1930 ـ يىل 4 ـ ئايدا ۋاپات بولغان Albevt von LeCoq) ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۇركىستانىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابىدا «قارا قوچودىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە . . . بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالغان بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان 24 خىل خەت نۇسخىسى بار بولۇپ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇۋېلىنىدۇ. دېمەك بۇ يەردىكى خەلق 24 خىل تارىخىي تىل، 17 تۈرلۈك تارىخىي تىل قوللانغانلىقى ئېنىق» [16] دەپ يازىدۇ. ياش ئۇيغۇر ئارخېئولوگى، تىلشۇناس قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن ئەسىرىدە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە شىنجاڭ رايونىدا 32 خىل يېزىق 22 خىل تىل تارقىلىپ ئۆتكەنلىكى بىلىنىدى (بۇ-

نىڭ ئىچىدە بەش تۈرلۈك تىل، 8 خىل يېزىق يېقىنقى زامان يېزىقلىرىدۇر ) ⑪ دەپ يازىدۇ. قوچو رايونىدىن تېپىلغان مانى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى، تىبەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋردە قوللىنىلغان ئەرەب يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ئۈزلۈكسىز تېپىلماقتا ھەم بۇ يېزىقلاردا يېزىلغان ھۆججەتلەر، ماتېرىياللار خېلى كۆپ. قوچودىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ھەممىدىن كۆپ. بايقالغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇ يەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت، خەت - چەك تۈرىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن 10 مىڭ پارچىغا يېقىن تېپىلغان. ئەپسۇسكى بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەملىكىتىمىز سىرتىغا تاراپ كەتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 23 ھەرپلىك سوغدى يېزىقى ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، سوغدى يېزىقى پىرسىيە دەۋرىدىكى ئارامى يېزىقىدىن تۈزۈلگەن جەمئىي 19 بوغۇملۇق ھەرپى بولغان سوغدى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. سوغدى يېزىقى قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان سوغدىلارنىڭ تىل - يېزىقى بولۇپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سوغدى يېزىقىنى سوغدى سودىگەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلىپ قوللانغان. كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى يەنە سوغدى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوغدى يېزىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. ئورقۇن دەريا ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىشقا باشلاپ - ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە كەڭ قوللىنىلغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە قوچو ئۇيغۇرلىرى خەنزۇچە خەت ئارقىلىق ئۆز مىللىي تىلىنى خاتىرىلىگەن ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جۇ بەگلىكى تارىخى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلارنىڭ قوچو ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە: يېزىقى خۇاشياچىغا ئوخشايدۇ، خور ( 胡 )تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان⑫.

11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرى ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار، رەسمىي ھۆججەت، خەت - چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. ئۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن ⑬. بۇ يەردىكى چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارلا چۈشىنىدىغان يېزىق خەنزۇ يېزىقىنى كۆرسەتمەستىن ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى، تۈرك رونىك يېزىقى - دۇلبارچىن يېزىقى دەپ ناملانغان يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. رۇس تۈركولوگى ئا.ن. كونونوۋ «7- 9 - ئەسىرلەردىكى تۈرك - رونىك يادىكارلىقلىرىنىڭ گرامماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە «كىلياشتورنىينىڭ نوپۇزلۇق ھۆكۈمىچە مەھمۇد كاشغەرى بۇ يەردە رونىك يېزىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ، چۈنكى بۇ يېزىقنىڭ ئاخىرقى يادىكارلىقلىرى تۇرپان بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بەلكى . . . تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن بايقالغان دەسلەپكى ئۇيغۇرچە قانۇنىي ۋەسىقىلەر بىلەن كۆپلىگەن مۇشۇ خىلدىكى توختاملار ئوخشىمايدۇ، ئۇلار رونىك يېزىقىدا يېزىلغان. كىلياشتورنىي يەنە، مەھمۇد كاشغەرىدىن يۈز يىل كېيىنكى مۇئەللىپ فەخرىددىن مۇبارەكشاھ

مارۋالدى تىلىغا ئالغىنىمۇ رونىك يېزىقى
بولۇپ ، ئۇ كۆرسەتكەن توققۇز ئۇيغۇر يې-
زىقى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدۇر »[11]
دەپ يازغان . شۇڭا «چىنلىقلارنىڭ يېزىقى-
غا ئوخشايدىغان» يەنە بىر يېزىقى خەنزۇ
يېزىقى بولماستىن تۈركى خەلقلەر قەدىمكى
دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان ، شەكىللەر ئاسا-
سىدا يارىتىلغان موڭغۇل دالىلىرىدىن
شەرقىي ياۋروپاغىچە قوللىنىلغان تۈرك
رونىك يېزىقىدۇر . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى-
قى ئەسلىدە سولدىن ئوڭغا توغرىسىغا يې-
زىلاتتى . كېيىنچە ئۈستىدىن قاراپ سول
تەرەپتىن ئوڭ يۆنىلىشكە قاراپ تىك يېزى-
لىدىغان بولدى .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان
ئەدەبىي ئەسەر ۋە نەمۇنىلەر ناھايىتى كۆپ
بولۇپ ، قوشاق ، مۇزىكا تېكىستلىرى ،
پېداگوگىكىلىق رىسالىلەر ، مەڭگۈ تاشلار ۋە
ئىلمىي ئەسەرلەر تەبىئىي موزىيى - قوچو
«يەر ئاستى كۈتۈپخانىسى» دىن داۋاملىق
تېپىلماقتا . قوچو ئەينى زاماندا شەرق بى-
لەن غەرب مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن
سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزىي تۈگۈن
ھەم تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئې-
لىپ بارىدىغان جاي بولغانلىقتىن بۇ جايدا
ئىبادەتخانىلار قۇرۇلغان ، مەكتەپلەر ئاچ-
قان ، كىتابلارنى باسقان . ئۇيغۇر تارىخىدا
كىتاب ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ
ئەنە شۇ قوچو رايونى ئىدى . شۇڭا كىشى-
لەر قوچونى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاس-
تى كۈتۈپخانىسى» دەپ ئاتاشقانىدى [15] .
بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئىنتايىن جايىدا
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ يەردىن تې-
پىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە يازما يادى-
كارلىقنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى ، مانى
دىنى ۋە نېستورىيان دىنىغا ئائىت كىتابلار
بولۇپ ، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىقتى-
سادقا دائىر بىر قىسىم ماتېرىيال ۋە ئەدە-
بىي ئەسەر ، تىببىي دورىگەرلىككە دائىر
رېتسېپلارمۇ بار . تۇرپان رايونىدىن مانى
يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئاساسلىق
مانى دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار بو-
لۇپ ، بۇلاردىن مەشھۇرلىرى «مانى
مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى»
(Huastwanift ) ، «ئىككى يىلتىز نوم»
(iki yiltiz nom ) ، «ئىرك بىتىك (پال
كىتابى يەنى تەبىرنامە — irk bitik ) ھەمدە
نۇرغۇنلىغان مەدھىيە ناملەر بار . يەنە بۇ
يەردىن تېپىلغان سوغدى يېزىقىدىكى يازما
يادىكارلىقلار ئىچىدە بۇددا دىنى ، خرىس-
تىيان دىنى ۋە مانى دىنى كىتابلىرى بار .
مەشھۇرلىرىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت :
«بۇددا تەلىماتىنىڭ ياخشى يامانلىق ، سە-
ۋەب نەتىجە سۇترىسى» بۇ ئىككى پارچە
سۇترا خەنزۇچىدىن بىۋاستە سوغدىچىغا
تەرجىمە قىلىنغان . قوچو رايونىدىن تې-
پىلغان مەشھۇر ئەسەرلەردىن : زارائاستىر
(ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى ئەقىدىسىگە ئائىت
ئەسەرلەردىن «ئەۋلىيا قەسىدىلىرى» .

نېستورىيان دىنى ئەقىدىسى مەزمۇن
قىلىنغان «ئىنجىل (Evagelium -
بەخت - ساداسى ) ، «خۇش - خەۋەر كىتا-
بى» ، «سەنت گېئورگىنىڭ شېھىت بو-
لۇش خاتىرىسى» ، بۇددا دىنىغا ئائىت
ئەسەرلەردىن «ئالتۇن ياروق»
( →Altun ongug yaruk)
→yaltriqiγ kopta kotrulmix nom iligi
atliγ→nom bitig «شۈەن زاڭنىڭ تەرجى-
مىھالى» (Bodistw taito →Samtso .
aqarining yoriγin ukitmak atliγ
→tsi in quin tigmə kwi nom bitig)
«سەككىز ئىلاھ ئەپسۇن سوتراسى» (تو-
لۇق نامى تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرھان ئېيت-
قان يەر - جاھاندىكى سەككىز خىل نۇر-
لۇق نەرسە دېگەن مۇقەددەس نوم (sakiz
yukmək ) ، «ئامىتابا سوتراسى»
(Amitaba sutra ) ، «ۋاجرا سوترىسى»
(تولۇق نامى كىمقوقى — ۋاجراچېتىسكا

سوترا ( Kimkoki, vajiracchetikə-sutra ) «مايتر - سىمىت» (يەنى مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى Maitri simit ) ناملىق 27 پەردىلىك دراما : تارىخىي داستان - «ماخاراباتا» ( Mahorabata atliq yanturmix sutra ) ، 294 توم 25 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سەلتەنەتكە ياردەم بەرگۈچى ئۆرنەك - تەدبىرلەر» ، «پانچاتانترا قالدۇقى» (بەش توملۇق چۆچەك) ؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «ئوغۇزنامە» ، «چاستانى ئىلىك بېگ» ( Qstani ilik big ) ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، «ئىزۇپ مەسەللىرى» ھەمدە «بەش توملۇق رىۋايەتلەر توپلىمى» ، قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى» ، «ئىككى تىللىق لوغەت» ، دىداكتىك - پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن : «ئاخاۋاراكا» ، «قالىيامقارا - پاپامقارا» ؛ دىداكتىك نەسرىي ئەسەرلەردىن : «چولڭ مايمۇن پاتمارال» ، «قۇتلۇق شاھزادە» ، «رەسسام بىلەن ياغاچچى ھېكايىلىرى» ، «ئىككى تىكىنىڭ ھېكايىسى» ، «كۇۋانشىم پۇسار» ( Kuan — xim pusar ) «ئابىدارىم كوشاۋاردى شاستىر» ( Abidarim koxavardi xastir ) بۇددانىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ، «ئاۋاتامساكا سۇترا» ، «لەنخۋا چېچەك ئۈزەكى ئىتىگى ياراتىغى ئاتلىق سودۇر نوم بىتىگ» ( Linhua qeqek uzəki itigi yaratiqi atliq sudur non bitig ) «ئارىيارا جاۋاداكا سوترا» ، «كىشانتى قىلغۇلۇق نوم بىتىگ» ( Kixanti kilquluk nom ) — بۇددىستلارنىڭ تۆۋە ئىستىغپارى )، «يىتىكەن سۇترا» ( yitikən sudur ) «ئامىتايوس سوترا» ( Amitayus-sutra - ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەش سوترىسى ) ، «مىڭ قوللۇق مىڭ كۆزلۈك بۇددا ھەققىدىكى ھېكايە» ، «ئاگاماس» ( Agamas ) ، «ساجاپاندىشانىڭ نەسىھەتلىرى» (چوڭقۇر يول) ، «باداماۋاتى قىزنىڭ ھېكايىسى» ، «دانىشپالا بەگنىڭ ھېكايىسى» ، «مۇقەددەس توشقان ھېكايىسى» ، قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ، ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەسەرلەردىن «تۆمۈر تەزكىرىسى» ، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» ، «مىئراجنامە» ، «كۆكۆلنامە» ، «بەختنامە» . . . قاتارلىقلار . . . بۇندىن باشقا «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاش پۈتۈكى» ، مىدىتسىنا بىلىملىرى»⑩ قاتارلىقلار . بۇلار پەقەت قوچو «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى»دىن تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت . بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجادىي ئەسەرلەر بولۇشتىن تاشقىرى ، باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات بۇددا رامكىسى ئاستىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئۆز تەرەققىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالتۇن دەۋر ئاچقان ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان شانلىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتتۇر . بۇ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنى ھۆجۇتقا كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى بۇددا دىنىنىڭ راھىبلىرى ، مانى مۇرىتلىرى ، تويىن (تەرىقەت) دىنىنىڭ تەرىقەتچى - تەرغىباتچىلىرى ھېسابلانغان يازغۇچىلار ، شائىرلار - ئەدىبلەر ، پىرىخون - باخشىلار ، تەرجىمانلار ۋە قىزىقچى ئەيىبار ھەۋەسكار شەخسلەر بولۇپ ، ئۇلار گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىلىرىدا ، بۇلاق ، دەريا بويلىرىدا بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت قىلغاچ تۇرلۇك دىنىي پائالىيەت ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز تىلىدا ئىجاد قىلغاندىن سىرت ، باشقا تىللاردىن نادىر ، يىرىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە

قىلاتتى . شېئىر يازاتتى ، تاغ باغرىغا غار
ـ كېمىرلەرنى كولاپ ئۇلارغا دىنى ۋە ئەدـ
ەبنىۋى مەزمۇنلاردىكى رەسىملەرنى سىزـ
ىپ نەقىش بىلەن بېزەيتتى . بۇنداق غار
ـ كېمىر ئۆيلەرنى «بېزەكلىك» مىڭ بۇدـ
دا ئۆيى دەپ ئاتايتتى . ھېسابسىز كىتاب ،
يازما ھۆججەتلەر ئەنە شۇ دەۋرلەردىكى
چىن ئېتىقادلىق ، چەكسىز ئەنئەنىۋى قاـ
راشلارغا ئىگە يازغۇچى ، رەسسام ، تەرجىـ
مانلار يەنى مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىلگەن
بولىيۇقلۇق شائىر ئاپرىنچور تىكىن ، بۇددا
دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن يېتىلگەن مەشـ
ھۇر خەتتات ۋە شائىر ئاسىغ تۇتۇڭ ، پراتيا
ياشرى ، چىسۇيا تۇتۇڭ ، بۇددا شەرىئىتىنى
نەزم شەكىل بىلەن يېزىپ چىققان شائىر
قالىم كەيسى ، بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېـ
تىشكەن ئەدىب بۇيان قاياقال ، راھىبە سىـ
لىغ تېكىن ، ئاتساڭ ، شىڭقۇسەلى تۇڭ
قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان
ۋە تەرجىمە ـ ئىختىرا قىلىنغان .

قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە مەدەنىي
ھاياتنىڭ بۇنداق جانلىنىپ زور ئىختىراـ
لارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تۈپ ئالاھىدىـ
لىك ـ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېگىلىقا
بولغان ئىنتىلىشىنىڭ قىزغىن بولۇشى
سەۋەبلىك خانلىق خوراپاتلىقنى ، مۇتەسـ
سىپلىكنى ياخشى كۆرمىدى ، ھەر تەرەپـ
لەردىن كەلگەن دىن ۋە پىكىر ئېقىملارغا
قارىتا ئىشكنى كەڭ ئېچىۋېتىش سىياسىـ
تىنى قوللاندى . باشقا جايلاردا سىقىندىـ
چىلىقا ئۇچرىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارغا
نىسبەتەن باش پاناھ بولدى . ئېتىقادتا مەـ
دەنىيەت ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىدىئوـ
لوگىيە ئەركىنلىكىنى يولغا قويدى . قايسى
ئېتىقادقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەـ
زەر ، ئۇ بىلىم ئىگىسى بولسىلا ھۆرمەتلەپ
ئىشلەتتى . بۇ خىل كىشىلەرنى خەلققە
مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى كىشىلەر دەپ ھۆرـ
مەتلەيتتى . خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى
كىشىلەر «ئىلتەبىر» دەپ قەدىرلىنەتتى .
يەنە قوچو ئۇيغۇرلىرىدا كىتاب يېزىش ۋە
كۆچۈرۈش ئەڭ ساۋابلىق كەسىپ دەپ قاـ
رىلاتتى ، بۇنداق ئېتىقاد «بۇيان» دېيىلەتـ
تى . مەسىلەن ، كىتابلارنىڭ خاتىمىسىدە
مۇنداق سۆزلەر ئالاھىدە يېزىلاتتى . . . بۇ
كىتابنىڭ ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىـ
يىغا ، ئاندىن قالسا مەرھۇم ئەجدادلارغا ۋە
يارو ـ بۇرادەرلەرگە بولغاي [17] . دېگەنگە
ئوخشاش . قوچو ئۇيغۇرلىرىدا يەنە بىلگە
كېڭەشى (مائارىپپەرۋەر دانىشمەنلەر كېـ
ڭەشى ) تەسىس قىلىنغانىدى . ئۇلار دەرىـ
جە ، ئۇنۋان بەلگىلەيتتى ھەم ئەل ئىچىدىـ
كى ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىـ
لاتتى . بىلگە كېڭەشى نۇرغۇن تىللىق ئىـ
زاھلىق لۇغەتلەر (سانسكرىتچە ـ ئۇيـ
غۇرچە ، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ، توخارچە ـ
ئۇيغۇرچە ، سوغدىچە ـ ئۇيغۇرچە ) نى قولـ
لانما سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان [18] . بۇ توغـ
رۇلۇق سوڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ
يەندې ئۆزىنىڭ «قۇچۇ خاتىرىلىرى» نامـ
لىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان : . . . قوـ
چودا كەسپىي مۇئەللىملار بار ئىكەن ، ئۇيـ
غۇرلار شېئىر ۋە قوشاققا خۇشتارىكەن ،
ئۇلار ئۆز يېزىقىنى كۈندىلىك ئېھتىياج
ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى تۈرلۈك ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىـ
تىدىكەن . بۇ يەردە ھەرخىل تىللاردا يېـ
زىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم» [19] .
قوچو ئۇيغۇرلىرى ئانا تىلى ساپلىقىنى
قوغداپ قالغان . بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئۇيغۇر
ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس
ئەلەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىـ
ۋانى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈاكچە ،
لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر
خىل شىۋىسىمۇ بار . ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ
باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن
ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ كىـ
تاب ۋە خەت چەكلەرنى شۇ يېزىق بىلەن

يازىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ چىنىلىقلارنىڭكىگە
ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار .
ئۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار
بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالماي-
دۇ »[20] دەپ ئېنىق چۈشەندۈرگەن . قىسقى-
سى 9 ـ ئەسىردىكى قوچونى مەركەز قىل-
غان ئۇيغۇرلار مىللىي خۇسۇسىيەت ، باي
مەدەنىيەت بىلەن رىم ، ئىران ، ھىندىستان
قاتارلىق قەدىمكى ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلى-
رى ئۈزئارا تەسىر كۆرسەتكەن ، ھەرخىل
دىنىي ئېقىملارغا ئائىت مەدەنىيەتلەرمۇ را-
سا تەرەققىي قىلغان غەربىي رايون
مەدەنىيەت ئۇچىقىنىڭ مەركىزىگە
ئايلاندۇرغانىدى .

## 2 . مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل

ئۇيغۇرلار مۇزىكا سەنئىتى جەھەتتە
يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە خەلقلەرنىڭ بى-
رى . ئۇيغۇرلار سەنئەتكار خەلق . ساز ۋە
نەغمە ئۇسسۇللارغا ماھىر . ئۇيغۇرلارنىڭ
بۇ خىل مەدەنىي ھاياتىنى قەدىمكى خەنزۇ
مەنبەلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار
ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . قوچو ئۇيغۇرلىرى
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
بىلەن سودا ، مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق
ئالاقىسى قىلغان . ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپى
خەنزۇچە ئۇقاتتى . ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىككە بېرىپ دائىم دىگۇدەك ناخشا ـ
ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا نومۇرلىرى كۆرسىتىپ
تۇراتتى . بۇ جەرياندا ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى
ۋە ئۇسسۇلچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماھىرلىقى
بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنى
داڭ قالدۇرغان . بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن غەربىي رايون-
دىكى خەلقلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماش-
تۇرۇش ۋە تەسىرلىشىش تېخىمۇ كۈچەي-
دى . ئۆزئارا ئۇگەندى ، ئاخىرى بۇ ئىككى
ئەل ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىلغار تەرەپلى-
رىنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىپ ۋە بىر ـ
بىرىگە سىڭىپ كىرىپ كېتىش ئامىللىرى-
دىن مۇستەسنا بولالمىدى . بۇنى تاڭ دەۋ-
رىنىڭ مەشھۇر شائىرى يۈەن جىننىڭ شې-
ئىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ :

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق خوتۇن ـ
قىزلار مەشغۇلى ،

زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى
ئۇيغۇرلارسىمان .

«سۇمرۇغ ئاتەش»نىڭ ساداسى مولڭ
بىلەن تۇتۇلسا ئەگەر ،

«نەۋباھار بۇلبۇل كۈيى» ياڭراتتى
بىر سالقىن ھامان .

ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش ، زىبۇ ـ زىن-
نەت تىل ئۇگىنىش ،

بولدى بەس ـ بەسچىلىك ھەۋەس بۇ
ئەللىك يىلدىن بۇيان [21] .

دەپ يېزىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى-
دىكى ئاجايىپ تالانتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى خەلقلەر ئارىسىدا قالدۇرغان تە-
سىرىنى ئىنتايىن جانلىق ئوبرازلاشتۇر-
غان . سوڭ سۇلالىسىنىڭ قوچوغا ئەلچى-
لىككە كەلگەن ساييابلىرىدىن ۋاڭ يەندې
ئۆزىنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خا-
تىرىسى» دە ـ قوچو ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ ساز ـ نەغمىسى بىلەن ئويۇن ـ
تاماشىلىرى توغرۇلۇق ئۆز تەسىراتىنى نا-
ھايىتى زوقلىنىپ تەسۋىرلەپ : «مەيلى
ئۆيدە ، مەيلى ئېتىز ـ باغلاردا ياكى كۆل
ياقىلىرىدىكى سەيلىلەردە بولسۇن ھەربىر
ئۇيغۇرنىڭ قولىدا مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ بو-
لىدىغانلىقىنى ھەم كۆپچىلىك ئارىسىدا
چېلىنىدىغان تۆرلۈك ساز ـ ئەسۋابلىرى
ئىچىدە «بارباپ» دەپ ئاتىلىدىغان 24 تا-
رلىق سازنىڭ بارلىقىنى ، بېشبالىقتا
دراما كۆرگەنلىكىنى . . . مۇزىكانتلار
تەڭرىكۆلى بويىدا مۇزىكا سەيلىسى قىلغان-
لىقىنى ئېيتىپ »[22] ئۆز ھەيرانلىقىنى ئىز-
ھار قىلغان . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا
ئۇسسۇلىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋ-
ۋەر نامايەندىسى بولغان بېزەكلىك بۇددا

مىڭ ئۆيلىرىدىن تېخىمۇ دەللىللىك كۆرگىلى بولىدۇ. تۇرپان بېزەكلىك بۇددا مىڭ ئۆيى 29 ـ غارنىڭ تام رەسىملىرىدە ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن ئەگرى دەستىلىك ئۇد (پىپار)، بەل دۇمبىقى، قۇر، قولچاك، چاقىلداق، نېيىر ۋە ھەرخىلدىكى نۇرغۇن مۇزىكا ئەسۋابلىرى بار. كۇچا بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدە مۇزىكا ئەسۋابلىرى مەزمۇنىدىكى رەسىملەر تېخىمۇ مول. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا نەمۇنىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

### 3. رەسساملىق

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان سەنئەتنىڭ بىرى رەسساملىق بولۇپ، رەسساملىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان دىنىي ـ ئېتىقادنى كۆپىنچە ئۆزىگە مەنبە قىلغان ئاساستا تەرەققىي قىلغان. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ـ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەسساملىقى مۇشۇ ئاساستا تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدا بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام بېزەكلىرىدىن قارىغاندا، قوچودا ئاساسلىق (دىنلاردىن) شامان دىنى، زارا ئۇستىر دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، مىلادى 4 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تامغىسىنى چوڭقۇر باسقان. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ـ رەسساملىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىلىرى ئاساسەن بېزەكلىك بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بېزەكلىك بۇددا مىڭ ئۆيلىرى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىگە دائىر ئەڭ تىپىك، ئەڭ نادىر يادىكارلىقلىرى ساقلىنىپ قالغان بىر سەنئەت خەزىنىسى. گېرمانىيىلىك تۇركولوگ ئاننامارىيە فون گاباين (Annamari von Gabin) (1901 ـ 1993) «قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىقى» دېگەن ئەسىرىدە: كوچا سەنئىتىنىڭ ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇنراق، شۇنداق بولسىمۇ قوچو ئۇيغۇر سەنئىتىگە ئوخشاش ئۇنداق راۋاج تاپقان ئەمەس. ئۇلار تېخى بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا ئوخشاش ھەم دۇنخۇاڭ رەسساملىرىغا (گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ) ئوخشاش پېرسوناژلارنى ئۇنداق ھېسسىياتلىق، جانلىق سىزىپ كېتەلمىگەنىدى. كېيىنكىلەر بەزى ياش راھىبلارنىڭ بۇددساتۋاغا كۆجە كۆيدۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىنتايىن تەسىرلىك، گوياكى راستىنىلا شۇنداق قىلىۋاتقاندەك جانلاندۇرۇپ سىزغانىدى دەپ يازىدۇ. قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۆز رەسىملىرىدە خاقان، تېگىن، بەگ ـ ئاقسۆڭەكلەر، تاپىنغۇچىلار، ھەرخىل پېرسوناژلاردىن راھىبلار ۋە راھىبەلەر، بىراھمانلار، دەرۋىشلەر، ئىبلىسلار ۋە دوزاقتىكى كىشىلەر، ياكسالار (پالۋان ـ ۋەزىرلەر)، ساكيامونى، ھەجۋى رەسىملەر، پوسار، ئىلاھ، ھۆر ـ پەرىلەر، ئاسمان پەرىلىرى، ھەشەمەتلىك بويۇملار، ھەرخىل مەنزىرىلەر ۋە بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى، دوزاخ ۋەقەلىرى ئاساس مەزمۇن قىلىنغان بەدىئىي سەنئەت ماھارەتلىرىنى ئىپادىلىگەن[21]. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك تۇركلوگ لېكوك ئۆزىنىڭ «قوچو» دېگەن ئەسىرىدە «20 ـ نومۇرلۇق غار (لېكوك بەرگەن نومۇرى 9 ـ چى) دىكى ساخاۋەتچى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى ۋە خانىشلىرى سۈرىتى (بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا لېكوك تەرىپىدىن بېزەكلىك بۇددا مىڭ ئۆيىنىڭ تېمىدىن سويۇپ ئېلىپ كېتىلگەن) بۇ سۈرەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە «بۇ ئالىيجاناپ خانىشنىڭ سۈر-

تى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە بېغىشلىما
بار دەپ يازىدۇ[24] . 31 ـ نومۇرلۇق غاردىن
ئوغۇرلاپ كېتىلگەن ساخاۋەتلىك ئۇيغۇر
ئىدىقۇت خانىنىڭ سۈرىتى ئاستىدا «ئىم-
پېرىيىمىزنىڭ ھۆكۈمرانى . . . باتۇر ،
دانىشمەن ، تىكىن ، ھەزرەت ، مىللەتنىڭ
شۇڭقارى ، ئىلاھتەك ئارىسلان سۈرىتى»
(مۇقاۋىنىڭ 1 ـ ۋە 4 ـ بېتىگە قاراڭ )
دېگەن قىزىل بوياقتا يېزىلغان ئۈچ قۇر
قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت بار[25] . قوچو ئۇي-
غۇرلىرىنىڭ تام رەسىملىرىدە ، پىرسوناژ-
لارنىڭ تەقى ـ تۇرقى ناھايىتى ئەركىن ـ
ئازادە ، ئېنىق ، ئىلھام ـ بەخش قىلىپ
سىزىلغان . ئىدىقۇت ئۇيغۇر رەسساملىرى-
نىڭ قولى ئاستىدا ئىبلىس ۋە دوزاقتىكى
كىشىلەر يالىڭاچ بەدەن ، قورايدەك ئۇ-
رۇق ، رەزگى ، تۈكلىرى ھۈرپەيگەن ، ئا-
لاقزادە قىياپەتتە قىلىپ سۈرەتلەنگەن . دو-
زاقتىكى كىشىلەرمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش
قىلىپ سىزىلغان . بۇلار ئىنتايىن كۆرۈم-
سىز ، سەت ، رەزىل ، ئەپتى ـ بەشىرىلىك ،
ناھايىتى ئاز كېيىملىك بىر خىل كىشى-
لەرنىڭ ئازابلىنىشى ئاستىدا ئۆتىدۇ . ئۇلار
ئادەم قىينايدىغان بۇ ئىبلىسلارنىڭمۇ مۇشۇ
دۇنيادىكى ئىبلىسلارنىڭكىگە ئوخشاش ئا-
تىلىدىغان باشلىقلىرىمۇ بولغان قىلىپ
سىزىلغان ، ئۇلارنىڭ ئالامىتى بىر پارچە
قىزىل لىبنتا بولۇپ ، ئۇنى ئىگىكىنىڭ
ئاستىدىن باغلىۋالىدىكەن ، ياكسالار بولسا
ھايۋان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىپ سىزىل-
غان ؛ قولىقى ئۈچلۈق ، كۆزى دۈمباق ،
ئىككى ئۈدۈل چىشى ھىڭگاڭ ، ئەپتى ـ
بەشىرى رەزىل قىلىپ سۈرەتلەنگەن . يەنى
ياكسالار ، پالۋانلار ، ۋەزىرلەر ، بۇددا ـ
بۇرھان بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنياغا كەل-
گەن . ئۇلار ساكيامونىدىن نېرى كېتەل-
مەيدىغان ، ساكيامونىنى قەلبىدە ساقلاپ
ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلاپ ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادى-
كى ھاياتىنى چىن دىلىدىن قەتئىي قوغداش

ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى . ۋەھالەنكى ،
رەسىملەردە ئۇلارنىڭ كۆتكەن مەقسەتلىرى-
گە يېتىش ئۈچۈن ئانچە زور ئىمكانىيەت
بولمىغاندەك ، ياكسالار بىر خىل مۇقەد-
دەس قوغدىغۇچى بولۇپ ، ئۈستى ـ بېشىغا
دوبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن ، قولىدا ئالماس
كالتەك تۇتقان ، پۈتۈن ھۇجۇدى كۈچ ـ
شىجائەتكە تولغان ، تۈك ـ موي‌لىرى ھۆر-
پەيگەن ، يۈز چىرايلىرى ھېسسىياتسىز قى-
ياپەتتە تەسۋىرلەنگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ساكيامونىغا چەكسىز سادىق بولغاچقا ھاڭ-
ۋاققان پېتىچە تۇرغىنى ـ تۇرغان قىلىپ
سىزىلغان . مۇشۇنداق بىر خىل تىپ ھەج-
ۋى رەسىملەرگە ئالاھىدە ئۇستا بولغان
ئۇيغۇرلار جەمئىيەتتىكى جىددىي ، مۇقەد-
دەس ، كۈلكىلىك ھادىسىلەرنى جايىدا سۈ-
رەتلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىل-
غان . قوچو ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ تام
رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن شەكىللەر كۆپ
بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار مەزمۇن جەھەتتىن
(1 ) ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كۆرسىتى-
دىغان سۈرەتلەر : بۇنىڭدا ئادەم بىلەن ئا-
دەم ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەشلەر مۇنتىزىم لەشكەرلەر ، ئەمگەك
قىلىۋاتقان ئىشلەمچى دېھقانلار ، ئەدەبىيات
سەنئەتكە دائىر ئەدەبىي ئوبرازلار ، تۇر-
مۇشقا دائىر گۈزەل مەنزىرىلەر ، قەھرىمان-
لار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ، ئەر ـ ئايال-
لار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە گۈزەل
ئەخلاققا دائىر سۈرەتلەر . (2 ) دىنى مۇرا-
سىم قائىدىلەرگە ئائىت رەسىملەر ، بۇنىڭ-
دا بۇددا ۋە مانى دىنىغا خاس يورۇقلۇق
ۋە قاراڭغۇلۇق خودالىرىنىڭ ئوبرازى يا-
ۋاش ، تەڭرىلەر ، ئاسمان ۋە تاغلارغا مۇ-
ئەككەل ـ ئەۋلىيالارغا ، تەڭرىلەرگە ئىخ-
لاس بىلەن ئىبادەت قىلىپ تۇرغان دۇئا-
گويلار ، تەڭرىنىڭ قاغىشىغا ئۇچرىغان
«ئاسىي بەندىلەر» نىڭ سۈرەتلىرى . (3 )
قەدىمكى ئەپسانىلار سۆزلىنىدىغان ھېكايە-

لەرگە تەقلىد قىلىنغان سۈرەتلەر : بۇنىڭغا ئۇچار ئادەملەر ، بېشى ئادەم سۈرىتىدىكى ، تېنى جانىۋارلارغا ، ھۆرلىقەلەر ، بۇلبۇل گويالار ، بېلىق سۈرەتلىك ، مۇلايىم جانان پەرىزاتلار ، دەرەخ شاخلىرى ئۈستىدە يۈرۈيدىغان سىرلىق كىيىكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەۋردىكى سۈرەتلەردىن ئىبارەت . ئۇنىڭدىن باشقا تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ بولغان بېزەكلىك بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدە مانى دىنى مەزمۇن قىلىنغان رەسىملەرمۇ ناھايىتى تىپىك بولۇپ ، بۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن جەلپ قىلىدۇ .

## 4 . مەتبە ۋە نەشرىياتچىلىق

مەتبە ۋە قەغەزچىلىك نەشرىياتچىلىق كەسپىنىڭ ئاساسى بولۇپ ، بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى . قوچو «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى»دىن يەنە ھەرپلىك مەتبە ئەۋرىشكىسى تېپىلدى . قارا قوچودا يەنە مەشغۇلات كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان قەغەز زاۋۇتىنىڭ بولغانلىقى ئېنىق ، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان «كىتاب كۆچۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش ساۋابلىق ئىش» دەيدىغان دىنىي ئەقىدىچىلىك قوچودا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كەڭرى قانات يېيىپ بۇددا دىنىنى تارقىتىدىغان ۋە تەشۋىق قىلىدىغان خەلقئارالىق مەركەزدىن بىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى . كىتاب كۆچۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش ئېتىقادى خەلقنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ خىل قولدا كۆچۈرگەن كىتابلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇددىستلارنىڭ ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى تەبىئىي ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش قەلەم بىلەن قولدا كىتاب كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇش ۋە ئىش ئۈنۈمىنى تىزلىتىپ باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرى كۆپ ئاسانلىق ۋە يەڭگىللىك بولىدىغان مەتبۇئاتچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كۆپ ئىزدەنگەن ، ئاخىرى مىلادى 6 - 5 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياغاچ مەتبەنى ئىجاد قىلدى . «تارىخ ئوقۇتۇشى» مەجمۇئەسىنىڭ بىرىنچى جىلد 4 - سانىغا بېسىلغان فويۇخۇەنىڭ «ئەڭ بالدۇرقى جۇڭگو مەتبە بويۇمى» دېگەن ماقالىسىدا مەلۇمات بېرىشىچە : 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرىل . ستەئىن (Aurel Stein ) تۇرپاندىن مەتبە بىلەن بېسىلغان بىر قىسىم قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان ، ئۇنىڭ بىرىدە : «قوچونىڭ 34 - يىلى . . . ئائىلىسىدە غالجىر ئىت بار . ئۆتكۈچىلەر ئېھتىيات قىلغاي» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان . تارىخچىلار قوچونىڭ 34 - يىلىنى مىلادىنىڭ 594 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ[9] . مانا بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىدا مەتبەنىڭ VI ئەسىردىن بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان بۇ مەتبە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشكەن .

14 - 13 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۇ ياغاچ مەتبەدىن مىخ مەتبەگە ئۆزگەرتىلىپ بوغۇمنى ئاساس قىلىپ سۆز ياسىلىدىغان فونېما شەكلىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقتا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز ئالدىغا ئىختىرا قىلغان ياغاچ مەتبەنىڭ ھەرپلىرى دانە - دانە كۇادرات جۇجەم ياغاچلىرىغا ئويۇلۇپ ئاندىن قېلىپقا بېكىتىلىپ ئۈستىدىن رەڭ - بوياق سۈرتۈلۈپ خىلمۇخىل رەڭلىك كىتابلارنى باساتتى . مۇشۇنداق مەتبە ھەرپلىرىدىن چەت ئەل

ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى
10 مىڭدىن ئارتۇق . 20 ـ ئەسىرنىڭ باش-
لىرىدا رۇسسىيىلىك ئولدېنبورگ (S.P.
Oldenburg ) تۇرپانغا كېلىپ ياغاچ مەتبە
(Keslagerofi ) ھەرپلىرىدىن 100 مىڭ
تالدىن ئارتۇق ئېلىپ كېتىپ مۇسكۇۋا مو-
زېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . فرانسىيىلىك
پېللىتوت 1908 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دۇن-
خۇاڭغا بېرىپ بىر غاردىن بىر ياغاچ چە-
لەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ـ
ياغاچ مەتبە ھەرپىنى تاپقان . 1909 ـ يىلى
10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پارىژغا يېتىپ
بارغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە جەمئىي
960 تالدەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
تامغا ـ ياغاچ مەتبە ھەرپى بولۇپ ، بۇلار
ھازىر پارىژ دۆلەتلىك ئاسىيا گۈزەل سەن-
ئەت گويمىت موزېيىدا سىپتا ياسالغان بىر
سېرىق ياغاچ ساندۇقتا ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ
تاختاي ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان[27] .

1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دۇنخۇاڭدا
چاقىرىلغان ب د ت مائارىپ ئىلىم ـ پەن
مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق ئىل-
مىي مۇھاكىمە يىغىنىدا : «دۇنخۇاڭ مو-
زېيى تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى



(Kcigine, yukunur, yiti, ix ) (يۈكۈنىچ ،
يەتتى ، ئىش ) دېگەن ئالتە دانە تامغا ـ
ياغاچ مەتبە ھەرپى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇ-
رۇنقى ياغاچ مەتبە ھەرپى ، ئۇ ئۇيغۇر مىل-
لىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان زور
تارىخىي تۆھپىسى» دەپ ئېنىق يەكۈن چى-
قىرىلدى ھەمدە خەلقئارالىق رەسمىي ئېتى-
تىشتىن ئۆتتى[28] . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ
مەتبە تېخنىكىسى تاكى گېرمانىيە ئالىمى
ئىنوگىن ـ گودىنبورگ 15 ـ ئەسىردە
كەشىپ قىلغان مېتال ھەرپلىك ئىلغار

مەتبە تېخنىكىسى دۇنيادا ئىشلىتىلگەنگە قە-
دەر ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى . قوچو ئۇي-
غۇرلىرىنىڭ مەتبەچىلىك ۋە قەغەزچىلىك
تەرەققىيات سەۋىيىسى شۇ دەرىجىگە يېرىپ
يەتكەنكى ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان
ياغاچ ـ تامغا مەتبە ھەرپلىرى ئارقىلىق
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى نە-
شىر قىلىپ ، ئۆز دىنى ۋە مەدەنىي ئېھتى-
ياجىنى قاندۇرۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ
قالماستىن ، ئۆز ئەقىدىسى بويىچە ھىن-
دى ، خەنزۇ ۋە باشقا يېزىقتىكى مەتبە ـ
ھەرپلىرىنى ياساپ بۇددا مەزمۇنىدىكى كى-
تابلارنى ھىندى ، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت
تىللىرىدىمۇ باسما قىلىپ باشقا ئەللەرنىڭ
بۇددا دىنى ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە بول-
غان ئېھتىياجىنىمۇ تەمىن ئەتكەن . بۇنىڭ-
غا ئوخشاش ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار-
نى ۋە يازما يادىكارلىقلارنى كۆپلەپ مىسال
كەلتۈرۈشكە بولىدۇ . تارىختا شەرق ئۇي-
غۇرلىرى دەپ ئاتالغان قوچو ئۇيغۇرلىرى
دۇنيا مەتبۇئاتچىلىق تېخنىكىسى تەرەققى-
ياتىغا بولۇپمۇ نەشرىياتچىلىق تەرەققىياتى-
غا زور تۆھپە قوشقان . بىراق شىنجاڭ
رايونىغا ئېقىپ كىرگەن ئىسلام دىنىنىڭ
15 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە قارا خانىلارغا تەۋە
زېمىنلاردىن ھالقىپ بۇددا دىنى مەزھىپى-
دىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقىلى-
شى ۋە زور كۈچ ئارقىلىق ئومۇملىشىشى
ئۇلاردىكى مەتبە ۋە نەشرىياتچىلىقنى ، مە-
دەنىيەت ئاساسلارنى مەلۇم دەرىجىدە ۋەي-
رانچىلىققا ئۇچراتتى . ئىسلام غازاتچىلىرى
ئىبادەتخانىلارنى چېقىپ ، راھىبلارنى ئۆل-
تۈردى . بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى كىتابلا-
رنى يىرتىپ چەيلەپ كۆيدۈرۈپ ، مەتبە
ھەرپلىرى ۋە جابدۇقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلى-
دى . بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا
مۇنداق جەڭ قوشىقى بار :

كەلكۈزلەيۇ ئاقتىمىز ،
كەندلەر ئۇزە چىقتىمىز ،

فۇرخان ئەۋىن يىقتىمىز
بۇرخان ئۇزە سىچتىمىز .
ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىنغان جەڭنى تەس-
ۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ .
(ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كەلگۈندەك ئې-
قىپ باردۇق ، شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ
كىردۇق ، بۇدخانىلىرىنى بۇزدۇق ، بۇدلى-
رىنىڭ ئۇستىگە چىچتۇق ، مۇسۇلمانلار-
نىڭ ئادىتى شۇنداق ، كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا
بېسىپ كىرگەندە ، ھاقارەتلەش ئۇچۇن ئۇ-
لارنىڭ بۇتلىرى بېشىغا تەرەت قىلىدۇ[9] .
ئەنگلىيىلىك پېتېر خوپكېرنىڭ «يې-
پەك يولىدىكى ئەجنەبىيلەر» دېگەن كىتابى-
تا : «مىلادى 1904 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ
18 ـ كۇنى ، بۇ ئىككىيلەن (لېكوك بىلەن
كرونونديېل ) قاراخوجىغا يېتىپ كېلىدۇ .
بۇ تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق ئوتتۇرى-
سىغا جايلاشقان ، لايدىن ياسالغان قەدىمكى
شەھەر خارابىلىكى ئىدى . ئۇلار بۇ يەردە
بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ قېزىش بىلەن
شۇغۇللانماقچى بولىدۇ . ئۇلار بۇ يەرنى
ئەسلىدە ناھايىتى كۆپ ھوسۇل بېرىشى
مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىگەنىدى ، ئەمما ئۇ-
لار يېتىپ بارغان بىرىنچى كۇنىلا بۇ يەر-
دىن ئانچە چوڭ ئۇمىد كۇتكىلى بولمايدى-
غانلىقىنى سېزىدۇ . چۇنكى شۇ يەرلىك
دېھقانلار بۇ خارابىلىكنىڭ مۇنبەت تۇپراق-
لىرىغا زىرائەت تېرىش مەقسىتىدە بۇ قە-
دىمكى شەھەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تۈز-
لەپ يەر ئېچىۋالغانىدى . ئۇلار يەنە بۇتخا-
نىلاردىكى تام سۇرەتلىرىنىڭ ئۇستىدىكى
بوياقلارنىڭ ئوبدان ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى
ئاڭلاپ قېلىپ ، تام سۇرەتلىرى سىزىلغان
قۇرۇلۇشلارنىمۇ بۇزۇۋەتكەن ئىدى ، ناھا-
يىتى نۇرغۇن قەدىمكى ، كونا تۇۋرۇك ـ
بادرا ـ لىملارنى ۋە باشقا ياغاچ ماتېرىيال-
لارنى ئەكىتىپ ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى
قىلىۋالغان ياكى يېقىلغۇ ئورنىدا كۆيدۇرى-
ۋەتكەنىدى . ئوغۇت ئىزدەپ يۇرگەن كى-
شىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىماي قال-
غان ئادەم ۋە ھايۋانلار سىزىلغان تام سۇ-
رەتلىرىدە ئۇلارنىڭ كۆزى ۋە ئاغزى ، بۇر-
نىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەنىدى . فون . لې-
كوك مۇنداق يازىدۇ : «بۇ يەردىكى كىشى-
لەر ، رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ
ھېچبولمىغاندا كۆزىنى ، ئاغزىنى ۋە بۇر-
نىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىش كېرەك ، بولمىسا
ئۇلار كېچىسى تىرىلىپ ، ئۆز ئورنىدىن
پەسكە چۇشۇپ ، ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنى
شۇنداقلا زىرائەتلەرنى خىلمۇخىل زىيان ـ
زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ ، دېگەن سۆزگە يەنىلا
ئىشىنىدىكەن . » كرۇۋنۇۋدېل ئالدىنقى قې-
تىم ئۇ يەرگە بارغاندىن تارتىپ ، بۇ قېتىم
ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئاشۇ قىسقى-
غىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن
يېڭى بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆ-
رۇپ تۇرۇۋپلا قالدى .
بەزىلەرنىڭ فون لېكوكقا ئېيتىپ بې-
رىشىچە ، شۇ كەنتلىك بىر كىشى تام ئۆ-
رىگەن ۋاقتىدا ، بىرقانچە هارۋا توشقۇدەك
قولىيازما كىتابلارنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ . ئۇ-
نىڭ ناھايىتى كۆپ ساندىكىرى رەڭلىك ئى-
كەن . يەنە ئالتۇن ھەللىك بېزەكلەرمۇ بار
ئىكەن . ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولغاچقا كا-
پىرلارنىڭ كىتابلىرىنى ساقلىدى ، دەپ ئە-
يىبلىنىپ موللىلارنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ
كېتىشتىن قورقۇپ ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى
كېچىسى ئېلىپ چىقىپ سۇغا ئېقىتىۋەت-
كەن ئىكەن . ئويلاپ باقايلى ، ئۇ قولياز-
مىلار بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا نەقەدەر قىممەت-
لىك ـ ھە» ![10] دەپ يازىدۇ . بۇ بىر چەت
ئەللىكنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە
تۇتقان پوزىتسىيىسى .
شۇنىڭ بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ
يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن
مەتبۇئاتچىلىقىدا بىرخىل ئۇزۇلۇپ قالغان
بوشلۇق پەيدا بولدى .
مەتبۇئات ۋە نەشرىياتچىلىق زور دە-

رىجىدە تەرەققىي قىلغان قەغەزچىلىك ئۇس-
تىگە قۇرۇلغان بولىدۇ ئەلۋەتتە . قوچو
ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى
جەھەتتە نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگىيىلىك
پاكىتلار تېپىلماقتا . قوچو رايونىدا قەغەز-
چىلىك ئىشلىرى ۋە تېخنىكىسى قوچو خان-
لىقى قۇرۇلغان مەزگىل (460 )دىلا زور
تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن . 1972 ـ يىلى
تۇرپان ئاستانىدە قېزىلغان 167 ـ نومۇر-
لۇق قەدىمكى قەبرىدىن «قەغەزچىلىك بې-
گى ئەرزىنى سوراپ تۈرمىدىن ئۇنى قەغەز-
چىلىك ئىشخانىسىدا ئىشلەشكە بۇيرىدى»
دېگەن مەزمۇندىكى قارا سىياھ بىلەن خەن-
زۇچە يېزىلغان بىر كەمتۈك ھۆججەت
چىققان . بۇ قەبرە قوچو خانلىقى دەۋرى
(460 ـ 640 ) دىكى قەبرە بولۇپ ، بۇ
ھۆججەتتە قوچو خانلىقى دەۋرىدە تۈرمىدە-
كى جىنايەتچىلەر قەغەزچىلىك ئىشخانىسى-
گە سۈرگۈن قىلىنىپ مەجبۇرى ئەمگەككە
سېلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[10] .
«قەغەزچىلىك ئىشخانىسى» ھەققىدە يې-
زىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى قوچو
ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەغەزچىلىك تارىخىنى تەت-
قىق قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك
تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ .
شۇنداقلا بۇ ئەڭ كېيىن ھېسابلىنىدىغانمۇ
قوچو پادىشاھلىقىدىن ـ كۆي جەمەتى ھۆ-
كۈم سۈرگەن دەۋر (640 ـ 499 ) دىلا
قوچو رايونىدا قەغەزچىلىك ئىشلەپچىقىرى-
دىغان چوڭ قول سانائەت ئىشخانىلىرى
بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . قوچو را-
يونىدىن قېزىۋېلىنغان چىغ سىزىقلىق قە-
غەزلەر شۇ رايوننىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقى-
رىلغان مەھسۇلات بولۇپ ، بۇ شۇ زامانلار-
دا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەغەزچىلىكى چىغ
سىزىقلىق قەغەز ياساشتىن ئىبارەت ئىلغار
تېخنىكىسى بىلەن داڭ چىقارغانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ . بۇ سۈپەتلىك قەغەزلەرنى شۇ
چاغلاردا «دۇنيا سودىگىرى» دەپ نام ئال-
غان ئۇيغۇرلار ، سوغدىلار غەربىي ياۋروپاغا
ئېلىپ بېرىپ تارقاتقانلىقى مەلۇم . قوچو
ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە
(866ـ1370 ) كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەسلىدىكى چىغ سىزىقلىق قەغەز ياساش
تېخنىكىسى ئاساسىدا يەنە ئالاھىدە سۈرت-
لۈق قەغەز كەشىپ قىلغان . بۇ خىل قە-
غەزگە خەت پۈتۈلۈشتىن بۇرۇن قەغەز
ئۈستىگە ئاق شىلىم سۈرتىلەتتى . بۇ قە-
غەزنى «پاتلاپ يېزىش ئۇسۇلى»[11] دېيىلەت-
تى . بۇ خىل ئىلمىي پاكىتلار قوچو ئۇلۇغ
ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قوچو شەھىرىدە چوڭ
تىپتىكى قەغەز زاۋۇتى بارلىقىنى تېخىمۇ
تولۇق ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

### 5 . تەقۋىمچىلىك ۋە ئاسترونومىيە

تەقۋىمچىلىك توغرىسىدا تۈركىي
خەلقلەر ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار .
تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچ-
چە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر قې-
تىملىق ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولۇپتۇ .
بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىل-
نى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان . شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش
ئۆتكۈزۈپ ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن :
بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاش-
قان بولساق بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى-
مىزمۇ مۇشۇنداق خاتالىشىدۇ . شۇڭا بىز
ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى
بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ھەر بىر يىلغا بىر
ئات قويايلى . بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى
شۇ يىللارنىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ھېساب-
لانسۇن . بۇ ئارىمىزدا بىر يادىكارلىق بو-
لۇپ قالسۇن ؛ خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى
«شۇنداق بولسۇن» دەپ قوللىغان . شۇ
مۇناسىۋەت بىلەن چارۋىچى تۈركلەر خاقان
بىلەن ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋا-
ناتلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ئېلى دەرياسىغا قا-
راپ ھەيدىگەن بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرى-

نى سۇغا ئاتقان ، ئۇلاردىن ئون ئىككى
خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن . ئەنە شۇ ئون
ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا
ئات قىلىپ قويۇلغان . سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال
چاشقان ئۆتكەن ، شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ
نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دې-
يىلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەن-
لەر مۇشۇ رەت بويىچە ھەربىر يىلنىڭ
ئىسمى بولۇپ قالغان يەنى ①چاشقان يىلى
② كالا يىلى ③ يولۋاس يىلى ④ توشقان
يىلى ⑤ ئەجدىھا (بېلىق ) يىلى ⑥ يىلان
يىلى ⑦ ئات يىلى ⑧ قوي يىلى ⑨ مايمۇن
يىلى ⑩ توخو يىلى ⑪ ئىت يىلى ⑫
تۇڭگۇز يىلى قاتارلىقلار . تۇڭگۇز يىلىغا
يەتكەندىن كېيىن ھېساب يەنە چاشقان يې-
لىدىن قايتىلىنىدۇ . تۈركلەر بۇ يىللار-
نىڭ ھەربىرىدە خاسىيەت بار دەپ ھېسابلاي-
دۇ . مەسىلەن : كالا يىلى كەلگەندە ئۇ-
رۇش كۆپىيىدۇ ، چۈنكى ئۇي ـ كالا بىر-
بىرى بىلەن كۆپ ئۆسۈشىدىغان ھايۋان .
توخۇ يىلىدا ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆپىيىدۇ ،
لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش چۈشى-
دۇ ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى ـ دان . توخۇ
داننى تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت ـ چاۋىلارنى
تاتلاپ چېچىۋېتىدۇ . ئەجدىھا يىلىدا ھۆل-
يىغىن كۆپىيىپ ئاشلىق ئوخشايدۇ ، چۈن-
كى ئەجدىھا سۇدا ياشايدۇ . تۇڭگۇز يىلىدا
قار كۆپ ياغىدۇ ، سوغاق قاتتىق بولىدۇ .
پىتنە ـ پاسات كۆپىيىدۇ ۋەھاكازالار .
تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ھەر يىلى بىرەر
ھادىسە يۈز بېرىدۇ دەپ ئالدىن مۆلچەرلى-
گەن ھەم ئىشەنگەن⑬ . گېرمانىيە ئالىمى
گابائىن تۈرك ـ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېلىپ
بارغان تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ بىرىدە
«ئۇيغۇرلار تەقۋىم سىستېمىسى توغرىسىدا
كۆپ ئىزدەنگەن ۋە ئىختىرا قىلغان» دەپ
يازىدۇ . ئۇيغۇرلار مىلادى 8 ـ 7 ـ ئە-
سىرلەردىن بۇرۇنلا ئاسترونومىيە ھەققىدە
چوڭقۇر ئىزدىنىشلەردە بولغان . پەلەك
بۇرچلىرى ۋە كەۋاكىپ ـ سەييارە يۇلتۇز-
لار ئۈستىدە بەلگىلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ
بېرىپ نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قوي-
غان . ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان تەقۋىم ـ
كالىندارنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرىنىڭ بە-
زى نەمۇنىلىرى ئۇرقۇن قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادى-
كارلىقلىرىدا پۈتۈپ قالدۇرۇلۇشى ۋە قو-
چو رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرى ئىچىدە «قوچونىڭ 34 ـ
يىلى . . .» دېگەنگە ئوخشاش يىلنامىلارغا
ئائىت ماتېرىياللارنىڭ بولۇشى قوچو ئۇي-
غۇرلىرىدا كالىندارچىلىقنىڭ خېلى تەرەق-
قىي قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللى-
كىنى ، تارىخنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپات-
لايدۇ . 20 ـ 19 ـ ئەسىردە تۇرپان رايو-
نىغا كەلگەن گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئۆ-
مەكلىرى قوچونى قېزىش ، تەكشۈرۈش
ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەن بىر قىسىم ما-
تېرىياللاردىن قارىغاندىمۇ كۈن ھەم ئايلار
ئالدى بىلەن سوغدى يېزىقىدا يېزىلىپ ئان-
دىن ئۇنىڭ يېنىغا خەنزۇچە ، ھىندىچە
تەرجىمىسى بېرىلگەن . بۇ مانى دىنىغا ئې-
تىقاد قىلىدىغان قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ
سوغدى يېزىقى ئىشلەتكەن چاغدا قوللانغان
يەنە بىر خىل كالىندارچىلىقنىڭ نۇسخى-
سى بولۇپ ، ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىدا كالىن-
دارچىلىقنىڭ خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كې-
لىپ باشقا مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن-
لىكىنى ۋە دۇنيا كالىندارچىلىقىغا ئاساس
سالغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى دەلىللەرنىڭ
بىرى . ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىن-
غان بۇ خىل كالىندار تۈركىي خەلقلەردىن
يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئالىم ئەبۇ رەي-
ھان برونى (1049 ـ 972 ) تەرىپىدىن
قايتىدىن رەتلىنىپ سىستېمىغا سېلىنىپ
چىقىلغان ، شۇندىن باشلاپ ئۇ دەسلەپ
تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىغا ئاندىن باشقا رايون ۋە باشقا

قوۋم خەلقلىرىگە تارقىلىپ ، ئۇلارغا ئۆز-
لەشكەن .

### 6 ـ تىبابەتچىلىك

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەڭ قەدىمكى
تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ بىرى بولۇپ ،
دۇنيا تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان .
ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تارىخىي ناھايىتى ئۇ-
زۇن ، ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن نەچچە
مىڭ يىل بۇرۇن ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك
بىلەن شۇغۇللانغان . ئەجدادلىرىمىز ئەمە-
لىيەت جەريانىدا «تۆت زات» (يەنە تۆت ئانا
سىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) : ئوت ، ھاۋا ، سۇ ،
تۇپراق قارىشى ۋە «تۆت خىلت» : قان ،
بەلغەم ، سەپرا ، سەۋدا تەلىماتىنى يەكۈنلى-
گەن . قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتى-
شىپ چىققان تىۋىپلار تەبىئەت دۇنياسى ۋە
كېسەللىكلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۆ-
رەش قىلىش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبى-
لىرىگە ئاساسەن نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى
يازغان ۋە قىممەتلىك رېتسېپلارنى قالدۇر-
غان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر يۇرۇش تىبا-
بەتچىلىك ئىلمىنى يەكۈنلىگەن . بۇ ئىلىم
ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ ۋادىلاردا قوللى-
نىپلا قالماستىن ، باشقا مىللەتلەرمۇ ئۇي-
غۇر تىبابەتچىلىكىدىن پايدىلانغان . دۇنيادا
باشقا ئەلنىڭ پەننى بىلىملىرىنى قوبۇل
قىلمىغان ساپ مەدەنىيەت بولمىغاندەك ،
قوچو ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىمۇ ھەرقايسى
ئەلنىڭ تىبابەتچىلىك يېڭىلىقلىرىنى جۇغ-
لىمدىن جوڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىنى
قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى بې-
يىتقان . ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى كلاس-
سىك تىببى كىتابى «خۇاڭدى نېيجىن سو-
ۋېن» نىڭ «غەيرى ئۇسۇل ۋە رېتسېپلار
بىلەن داۋالاشنىڭ پايدىسى ھەققىدە» دېگەن
قىسمىدا : «زەھەرلىك دورىلارمۇ غەربتىن
كېلىدۇ»[1] دېيىلگەن . «غەرب تەرەپ»
جۇڭگو تارىخىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنى-
يەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن شىنجاڭنى
كۆرسىتىدۇ . «زەھەرلىك دورا» دېگىنى
تەسىرى زورراق قۇۋۋىتى كۈچلۈك دورى-
لاردىن ئىبارەت . 2500 يىل ئىلگىرى يې-
زىلغان بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئەڭ
بۇرۇنقى دورا قامۇسى : «يېڭىدىن رەتلەن-
گەن گىياھلار قامۇسى» دېگەن كىتابتا
غەربتىن چىقىدىغان 114 خىل دورا خاتى-
رىلەنگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر تىببى دورى-
گەرلىكى بىر مەزگىل ناھايىتى گۈللەنگەن
بولۇپ ، قەدىمكى چاڭ ئەنگە ھەتتا شەرقىي
جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە بارغان .
«بىباھالىق غەيرى رېتسېپلار» دېگەن ئە-
سەردە ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ نە-
زەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ كېلىۋاتقان تۆت
ئاساسىي تەلىماتى بايان قىلىنغان . تارىخىي
ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر دورىگەرلىرىنىڭ
بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا دورىخانىلارنى
تەسىس قىلغانلىقى ، ئۇيغۇر تىۋىپى يوجرا
يەھيانىڭ سىچۈەندە ئەسكەرلەر ئىچىدە تار-
قالغان «ۋابا» كېسىلىنى داۋالىغانلىقى
ھەققىدە تەپسىلىي بايانلار خاتىرىلەنگەن[2] .
تاڭ دەۋرىدە قوچو ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى
چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكەن . شۇ دەۋردە
ئۇيغۇر تىۋىپلىرى «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك
ئەسەرلىرى» دېگەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك
كىتابنى يېزىپ چىققان . كېيىنكى يىللىرى-
دا «36 توملۇق ئۇيغۇر (خويخۇ ) رېتسېپ-
لىرى» دېگەن كىتابلار يېزىلغان . ھازىر
بىزنىڭدىن ساقلىنىپ قالغانلىرى تۆت توم ،
ئۇيغۇر تىۋىپلىرى تەرىپىدىن ئەينى ۋاقىتتا
تىبەت يېزىقىدا «تىرىك جەسەت ئۆلچەملى-
رى» ، «جەسەتنىڭ رەسىم ئۆلچەملىرى»

دېگەن ئىككى مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. ئۇيغۇر ھەكىملىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدا بىرنەچچە مىڭ جىلدلىق تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرىنى يازغان. مەسىلەن، «تىبابەت بىلىملىرى»، «بالا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى»، «كۆزنى داۋالاش ئۇسۇلى»، «قورساق ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى»، «بۇرۇن قاناشنى توختۇتۇش ئۇسۇلى»، «باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلى»، «جاراھەتنى داۋالاش ئۇسۇلى»[7] قاتارلىقلار. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاللىقاچان يوقالغان ياكى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇنىڭدىن 1200 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ماتېرىياللىرى» نىڭ ھازىر گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى بۇنىڭ پاكىتى. بىز بۇلاردىن قوچو ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاللىقاچان ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىسسىقلىق كۈچى بولمىسا ھېچنەرسە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تۇپراق بولمىسا ماددا ئۆسمەيدىغانلىقىنى، سۇ، ھاۋا بولمىسا ھايات بولمايدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن چۈشەنگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ تۆت ئامىل توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەبىئەت كۆزقارىشى كېيىنچە قەدىمدا ياشىغان يۇنان تىۋىپلىرى جۈملىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 377 يىلدا تۇغۇلۇپ 460 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر يۇنان دوختۇرى ھېپپوكرات (بوقرات) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇنىڭ پۈتۈن تىبابى كۆزقارىشىنىڭ ئاساسى بولغان، كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ تۆت ئامىل تەلىماتى نەزەرىيىسى كېيىنكى دەۋر ئەرەب ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساس نەزەرىيىسى بولۇپ قالغان. تارىختىن خەۋەردار كىشىلەرگە ئايانكى، 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان 300 يىل ئىچىدە ياۋروپالىقلارنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىي دىندارلارنىڭ كونترولىقىدا غەپلەت بېسىپ ياتاتتى. شۇ زامانلاردا ئەرەبلەر تىببى ئەسەرلەرنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى يېڭىلا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭدىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى كۆرۈپلا «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى چەتتىن كىرگەن ئىكەن» دەپ قاراش توغرا بولمىغان قاراش. چۈنكى ئەرەبلەر تارىخىدا ئەرەب مىللىتى ياراتقان ۋە ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان پەن ـ مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىغان ئەمەس، پەقەت ئەرەبلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئىسلام پەلسەپىسىدىنلا ئىبارەت خالاس.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى جۈملىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمى مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ قالماستىن خەلقئارادىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. تۈركلوگ گابائىن 8 ـ 7 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تىببى ماتېرىيال «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىكى رېتسېپلاردا ئاق كېسەلنى بەدىيان سۈيى بىلەن سۈرتۈپ داۋالاش، غالجىر ئىت چىشلىگەن كىشىگە شۇ ئىتنىڭ مېڭىسىنى يىگۈزۈپ داۋالاش، بۇرنى قانىسا ھەسەل تېمىپ داۋالاشتىكى مۆۋەپپەقىيەتلىرى كۆرسىتىلگەن[14]. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوچو ئۇيغۇرلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراس ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىت. بۇ خىلدىكى يازما يادىكارلىقلار تۇرپان ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن كۆپلەپ تېپىلىۋاتىدۇ.

II

## ئاممىۋى مەدەنىيىتى

ئاممىۋى مەدەنىيەت كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى قاتنىشىپ ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر . ئاممىۋى مەدەنىيەت پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەركىۋى قىسمى ، چۈنكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىگە زور كۆپچىلىك ئاما ئەركىن ھالدا بىۋاسىتە قاتنىشالايدىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى . ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتى بەرپا بولغاندىن باشلاپ مەۋجۇت بولۇپ ، ھەرقايسى دەۋرلەردە شۇ دەۋر تەلىۋىگە مۇۋاپىق غايىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرىنى بەرپا قىلىشقان . بۇنىڭدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىي ھاياتىدا تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

### 1 . چېلىشىش

چېلىشىش ئويۇنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى . ھېيت - ئايەم ، نورۇز ، ساراخەتمە ، سەيلە ، توي - تۆكۈن ۋە خۇشاللىق يىغىلىشلاردا ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق ، قەبىلە بىلەن قەبىلە ، يۇرت بىلەن يۇرت مەھەللە بىلەن مەھەللە ئارا چېلىشىش ئويۇنلىرى ئېلىپ بېرىلىپ كۈچلۈك پالۋانلار كۈچ سىلىشتۇرۇپ بىر-بىرىنىڭ غەيرەت - شىجائىتىنى دەگسەپ باتۇرلۇقىنى نامايەن قىلىدۇ . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېلىشىش تارىخىغا كەلسەك ، ئۇلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە . جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 1955 - ۋە 1957 - يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى ئەتراپىدىكى شىيالىگەن دېگەن جايدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان 140 - نومۇرلۇق ئالاھىدە بىر قەبرىنى تاپقان . دەپنە قىلىنغان جەسەت بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدىن چىققان ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختايغا ئىككى ئادەم بىر - بىرىنىڭ بېلىنى ۋە پاقالچىقىدىن تۇتۇشۇپ چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇشقان . ئۇلار قاڭشارلىق ، ياپما چاچ بولۇپ پاقالچەكلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان كىيىشكەن . ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى بۇ ئادەملەرنى ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ياكى ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەپ بېكىتكەن . بۇ سۈرەتتە ئىپادىلەنگەن چېلىشىش شەكلى قومۇل ، تۇرپان ، توخسۇن خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى زامان چېلىشىش شەكلىگە ئوخشايدۇ [8] «تۈركىي مىللىي مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابتا : «دىسكا ئېتىش ، كۈرەش - چېلىشىش ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيتتى» [9] دېيىلگەن . «تۈرك قامۇسى» دا : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەنھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى چېلىشتۇر» [10] دەپ يېزىلغان . 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى مەھمۇد كاشغەرى «ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۆلمەس ئالەمشۇمۇل ئەسىرىدە «قىز بىلەن چېلىشما ، توغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما» [11] دەپ يازغان . بۇ تارىخىي پاكىتلار چېلىشىش تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . تۈركىي خەلقلەردە باتۇرلۇق ، پالۋانلىقنى ھۆرمەتلەش ئادەت ئىدى . شۇڭلاشقا شۇ دەۋرلەردە بۇ مىللەتلەرنىڭ قىزلىرى ياتلىق بولۇشتا يىگىتلەرگە باتۇر ، پالۋان بولۇشنى شەرت قىلاتتى . قوچو ئۇيغۇرلىرىدا چېلىشىش بىر

خىل ئەنئەنىۋى ئاممىۋى پائالىيەت بولۇپ ، بۇددا دىنىنىڭ راھىبلىرىمۇ دائىم چېلىشىش ئارقىلىق بەدەن چېنىقتۇرىدىغانلىقىنى تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ (مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىگە قاراڭ ) . بۇ خىل چېلىشىش شەكىلدىكى ھەيكەللەر شىنجاڭ تارىخىي موزېيىدا ساقلانماقتا .

## 2 . ئوقيا ئېتىش

ئوقيا ئوق بىلەن يادىن ياسالغان بىر خىل ئىپتىدائىي قورال بولۇپ ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئوۋچىلىق قىلىش ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلگەن . قوچو ئۇيغۇرلىرى بېشبالىق ئەتراپلىرىدا ئوۋ - ئوۋلاش ئىشلىرىدا ئوقيا ئىشلەتكەنلىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالى ئېتەكلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىسىدە تېپىلغان ئوقيالار ئىسپاتلايدۇ . بۇ خىل ئوقيالار ھازىر تۇرپان ۋە ئاپتونوم رايونلۇق موزېيىدا ساقلانماقتا[12] . (مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىگە قاراڭ ) بۇ خىل ئوقيا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوراللىرى بولۇپ ، بۇ ئەڭ دەسلەپكى چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق ۋە قوشۇمچە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن قورال . شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئوقيادىن ئايرىلمىغان . ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئوقيا ئېتىشنى ئۇزىنىڭ بىر خىل مەدەنىي پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغان . ئوقيا قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن تۇرمۇش قورالى ھەم ئۇرۇش قورالى بولغان . ئوقيانىڭ مۇساپىسىنىڭ ئۇزارتىلىشى زەربە بېرىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى نەتىجىسىدە قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر زەمبىرىكى مەيدانغا كەلگەن[13] .

## 3 . ئات بەيگىسى

بۇ تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋە جەسۇرلۇقنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئاممىۋى مەدەنىيەت بولۇپ ، خەلقئارا تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى بولغان گاباين خانىم ئۆزىنىڭ «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ماددى مەدەنىيەت بابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتچىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئۇيغۇرلار ئات بېقىشقا تولىمۇ ھەۋەسكار ئىدى ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى ، ئات تۇرىدىغان ئېغىلى بولاتتى . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تېگى تاختايلىق بولۇپ گىلەم سېلىناتتى »[14] دەپ يازغان . مىلادى 1003 - يىلى شەمسۇل مانى غەرب ھەققىدە يازغان «قابۇسنامە» نىڭ 18 - بابىدا «ئاتقا مىنمەك ، شىكار قىلماق ۋە چەۋگەن ئوينىماق پادشاھ ۋە ئەھلى ھۆكۈمەت ئىشىدۇر . خۇسۇسەن يىگىتلىك ۋە ياشلىق ۋاقتىدا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەندىزىسى ۋە تەرتىپى بولىدۇ . ھەممە شىكارغا بارماق توغرا ئەمەس ، بىر ھەپتىدە ئىككى كۈن شىكار قىل ، ئۈچ كۈن ئوقۇغىن ، ئىككى كۈن ئائىلە ئىشى بىلەن بەنت بولغىن . ئاتقا مىنسەڭ كىچىك ئاتقا مىنمە ، كىچىك ئاتقا مىنسەڭ سەت كۆرۈنۈپ قالىسەن . شەھەرگە ھەم شىكارغا بارغاندا شاش ئاتقا مىنگىن ھوشيار قىلىدۇ . شىكاردا تولا ئات چاپما ، شىكار ئارقىسىدىن ئات چېپىشقا توغرا كەلسە قول ئاستىدىكىلەرنى بويرۇ . ئەگەر بەيگىگە چۈشۈپ پادىشاھقا ماھارەت كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە ئۆز كۈچىڭنى ئايىما »[15] دېيىلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ئات بەيگىسى ئارقىلىق داڭ-

دار ئاتلارنى تاللىۋالاتتى . قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بولۇپ ، بۇ ئاتلار ئات بەيگىسى ئارقىلىق تاللىنىۋېلىنغان ئاتلار ئىدى .

ئۇيغۇرشۇناس رادلوف قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ھەققىدە : « . . . پۈتۈن ئاھالە مىڭ ئادەم بىرلىك قىلىنىپ ئاتلىق قوشۇنلارغا بۆلۈنگەن ، ھەر مىڭ ئاتلىقنىڭ قوماندانى بولغان ؛ مىڭ ئاتلىق ئۆز نۆۋىتىدە يۈزدىن - يۈزدىن بۆلۈنگەن ، ھەر يۈز ئادەمنىڭمۇ باشلىقى بولغان ، يۈز ئادەم يەنە ئوندىن - ئوندىن بۆلۈنگەن ، ئۇلارنىڭمۇ باشلىقلىرى بولغان . ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەندە ، ئۇلار توغرا سەپ تارتىپمۇ تۇرماي تۇشمۇ تۇشتىن چوقان سېلىپ دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى . ئەگەر دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ قالسا دەرھاللا بۆلۈنۈپ ، چاقماق تېزلىكىدە ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ ، دۈشمەن كۈتمىگەن يەردىن تويۇقسىز ھۇجۇم قىلاتتى . ئۇلار چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيا ئېتىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىدى . ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئاتقان ئوقلىرى بىكار كەتمەيتتى ، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشكە ئۇستا ئىدى . ئۇلارنىڭ بىر قولىدا قېلىچ بولسا ، يەنە بىر قولىدا ئارغامچىسى تەييار ئىدى ، دۈشمەننى سالما تاشلاپمۇ تۇتۇۋالاتتى . . . جەڭ قىلىۋاتقاندا ئۇلار سەپكە تىزىلمايتتى ، دۈشمەنگە تۇشتۇشتىن ھۇجۇم قىلاتتى . ئۇلار گاھ ئالغا ئېتىلسا ، گاھ ئارقىغا چېكىنەتتى . ئۇرۇش قىلغاندا سەپ تۈزۈشمەيتتى »[10] .

ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىپ نىشانغا دەل تەككۈزەلەيدىغانلىقى باشقا مەنبەلەردىمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق كۆرسەتكەنىدى : «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن . ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن . ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە (ئىنەن خۇزخۇرەند inanhuzhurənd - بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن ؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، قاچان خالىسا ، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ ) دەپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل (خۇرخور ) دەپ ئاتىلىپتۇ »[11] . مەھمۇد كاشغەرى ‹خۇزخور › سۆزىنىڭ ئۇيغۇر سۆزىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى دەلىللىگەن .

قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملاردىن تەشكىل قىلىنغانىدى . ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوقيا ، قېلىچ ، ئىنچىكە ئارغامچا ۋە خەنجەر قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلاتتى . ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سەركەردىلىرى باشلىرىغا مېتالدىن ياسالغان قالپاق (باش كىيىم ) كىيەتتى . بۇ تۆمۈر قالپاق ئەسكەرنىڭ بېشى ۋە كەچكىسىنى قاپلاپ تۇراتتى ھەمدە ئېڭىكىدىن باغلىۋالاتتى . بۇنداق قالپاق ئۇچلۇق بولماستىن ياي شەكلىدە ئىدى . ئەسكەرلەر بۇ خىل باش كىيىمدىن باشقا ، مېتالدىن ياسالغان ساۋۇت (تۆمۈر كىيىم ) كىيەتتى . بۇ تىك ياقىلىق بولۇپ ، دۈمبە ۋە كۆكرەكنى قاپلاپ تۇرىدىغان ياراغ بولاتتى . ياراغنىڭ ئۇزۇنلۇقى قوۋۇرغىغىچە كېلەتتى . ئېتەك تەرىپى زەنجىرسىمان كۆكلەك بولۇپ ، ئوشۇقىچە يېپىپ تۇراتتى . كۆكلەك بەلدىكى كەمەرگە تۇتاشتۇرۇلاتتى[12] . ئەسكەرنىڭ قالقىنى ۋە چوقمىقى بولاتتى . ئاياق كىيىمى ئۆتۈك ئىدى . قولى بولسا ، جەينىكىنىڭ تۆۋىنى ئوچۇق تۇراتتى . ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ قورال - سايمانلىرىنى بىمالال

ئىشلىتەلەيتتى . ئاتلىق قوشۇن دۈشمەن
ئۈچۈن ناھايىتى دەھشەتلىك خەۋپ ھېساب-
لىناتتى . ئاتلىق قوشۇنلار تويۇقسىز ھو-
جۇم قىلاتتى . پىيادە ئەسكەرلەرمۇ ئۇزۇن
قىلىچ ، ئوقيا ۋە خەنجەرلەر بىلەن قورالل-
ىناتتى . ئەسكەرلەرنىڭ قىلىچى ، خەنجە-
رى ، ساداقلىرى ئەسكەرلەرنىڭ كەمەرلە-
رىگە ئېسىلاتتى . كەمەر بولسا ، ئېسىل
تاش ۋە پىل چىشلىرى بىلەن بېزىلەتتى .
پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدىمۇ قىلدىن ئې-
شىلگەن ئىنچىكە ئارغامچا بولاتتى . قېچى-
ۋاتقان دۈشمەنگە بۇ ئارغامچىنى سالما قى-
لىپ ئېتىپ تۇتاتتى ، ئارغامچىنىڭ بىر
ئۇچى ئۆزىنىڭ قولىدا بولۇپ ، دۈشمەننى
ئارغامچا بىلەنلا بوغۇپ ئۆلتۈرەتتى . پىيادە
ئەسكەرلەرنىڭ بېشىدا قارا قالپاق بولاتتى ،
قالپاقنىڭ چۆرىسىگە ۋە يېنىغا ئاق بەلگە
سىبلىپ قويۇلاتتى . قالپاقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ
تۇرغان ئارقىغا مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدى-
غان ئىككى لىنتا ئىلىپ قويۇلاتتى ، ئەس-
كەرنىڭ يىپەك ياكى يىپ رەختە تىكىلگەن
ئۇزۇن چاپىنى بولاتتى . ئەسكەرلەر ئوقيا
ئاتقاندا تۇرۇپ ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ
ئوڭ قولى بىلەن ئاتاتتى[19] . ئەسكەرلەرنىڭ
شالۋۇرلىرى كەڭ ، يول يۇرۇشكە قولاي
ئىدى . پۇتىغا بەزىدە ئۆتۈك ، بەزىدە يېنىك-
كىنە چۇرۇق كىيەتتى[20] دەيدۇ .
سوڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ
يەندې : «بۇ ئەلدە يىلقا ـ ئاتلار ئىنتايىن
كۆپ ئىكەن ، قاغان ، ئۇنىڭ خاتۇنى ۋە
ۋارىسلىرىنىڭ ھەممىسىلا يىلقىچىلىق بى-
لەن مەشغۇل ئىكەن . بۇ يىلقىلار يۈز نەچ-
چە چاقىرىمغىچە تۈزلەڭلەردە يايلاپ يۈرى-
دىكەن . تۈزلەڭلەردە رەڭگىگە قاراپ بۆلۈپ
بېقىلىدىكەن ، يىلقىلىرىنىڭ سانىنىمۇ بىل-
مەيدىكەن »[21] دەيدۇ .

## 4 . ئوغلاق تارتىشىش

ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان پائا-
لىيەتلەرنىڭ بىرى . بۇ جەسۇرلۇق ۋە چەب-
دەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئات
ئۈستى ھەرىكىتىدۇر . بۇ پائالىيەت توي ـ
تۆكۈن ، ھېيت ـ بايرام ۋە خۇشاللىق چوڭ
يىغىلىشلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئىككى
تەرەپ قارىمۇ قارشى مۇسابىقىلىشىدۇ .
«تۈرك قامۇسى» دە تۈركىي قوۋملەر ئوت-
تۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياۋايى پادىلار ھا-
لىتىدە ياشاۋاتقان ئاتنى تونىغان ۋە ئۇنى
ئۆزلەشتۈرگەن . تۈركىي قوۋملەر ئۇنى
يالغۇز ئۇرۇش ۋاستىسى قىلىپلا قالماس-
تىن تىنچ ۋاقىتلاردىمۇ ئات ئۈستىدە تۈر-
لۈك پائالىيەتلەرنى ئىشلەيتتى ۋە ئات بەي-
گىلىرى ئويۇشتۇراتتى »[22] دەپ يېزىلغان .

## 5 . ئات توپى

ئات توپى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بولۇپ-
مۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا
ئىگە ياشاش شارائىتىگە ماسلاشقان ئۆزىگە
خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئات ئۈس-
تىدىكى ھەرىكىتىدۇر . بۇ ھەقتىكى ئار-
خېئولوگىيىلىك مەلۇماتتا 1970 ـ يىلى
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ، تەكشۈرۈش
ئارقىلىق تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىس-
تانلىقىدىن مىلادى 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ
بولغان ئات توپچىسىنىڭ لايدىن ياسالغان
ھەيكىلى تېپىلدى (مۇقاۋىنىڭ 2ـ بېتىگە
قاراڭ ) .[23] بۇ ئات ئۈستىدە بىر چەۋەنداز
ئولتۇرغان . ئۇ بېشىغا دوپپا ، ئۈستىگە
تون ، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن ، ئىككى كۆ-
زىنى يەرگە تىكىپ ئوڭ قولىدا توپ كالتى-
كى كۆتۈرۈپ ئاق ئاتقا مىنىپ چېپىپ كې-
تىۋاتقان ھالەتتە تۇرغان . ئات بىلەن چە-
ۋەندازنىڭ قىياپىتى تولىمۇ ساغلام يارىتىل-
غان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئات
توپ مۇسابىقىسىدىكى جىددى ۋە جۇشقۇن
توپ تالىشىش كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەپ بې-
رىلگەن . «تۈرك قامۇسى» دا : «بۈگۈنكى
ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان چەۋگەن ئويۇنى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ
قەدىمكى زامانلاردىكى ئات ئۈستىدە ئوينى-
غان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . چەۋگەن
ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا
كەلتۈرۈلدى ، ئۇ يەردە ئېنگىلىزلار كۆ-
رۈپ ياۋرۇپاغا ئاپىرىشتى . پولو (polo )
نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى » .[*] يۇقىرىدى-
كى تارىخىي پاكىت ۋە ھۆججەتلەر ۋە ئار-
خېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ئات توپىنىڭ
تۈركىي قوۋملەرنىڭ بولۇپمۇ قوچو ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى مە-
دەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىر
تۈرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

## 6 . پۇت توپى

پۇت توپى يەنى پۇتبول تۈركىي قوۋم-
لەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان توپ تۈرى-
دۇر . دەرۋەقە ، ئۇ چاغلاردا توپ ھازىرقى
زاماندىكى توپقا ئوخشىمايتتى . ئۇ چاغلاردا
توپنى ئەركەك ھايۋانلار مەسىلەن بۇقىقا ،
قوشقار ، تىكە ، ئايغىر قاتارلىقلارنى سو-
يۇپ ئۇلارنىڭ خاس جايىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ
ئىچىگە قۇم ، تۇز قاچىلاپ ، سىرتىغا ياغ
سۈركەپ ، ئۇنى تاسما ـ كۈن قىلىپ ، پە-
شۈرغاندىن كېيىن ، ئىچىدىكى قۇم ـ شې-
غىللارنى تۆكۈۋېتىپ ئاندىن ئىچىگە يۇڭ ،
پاختا ، يىپ قاتارلىقلارنى تىقىپ تولۇم توپ-
نىڭ ئاغزىنى تاسما ياكى كىرىچ بىلەن تو-
قۇپ ـ چىگىپ ياسايتتى . «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دا : ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي
قوۋملەرنىڭ قوزىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ،
ئۇنىڭ ئىچىگە ھاۋا (يەل ) تولدۇرۇپ ئىش-
لەنگەن توپنى تېپىش بىلەن قارمۇقارشى
قەلئەلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدىغان تەپۈك
(تېپىش ) ناملىق بىر ئويۇنى بار ئىدى »[*]
دېيىلگەن . «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»
دېگەن كىتابتا «پۇت توپى ، چەۋگەن ھۇن-
لاردىن بىرى تۈركىي قوۋملەر ئارىسىدا
ئوينىلىدىغان بولۇپ ، كۆك تۈركلەر دەۋرى-
دە ئوتتۇرا ئىقلىمغا كېڭەيگەن ئىدى »[*]
دېيىلگەن . لېكىن ھەر خىل تارىخىي ئۆز-
گىرىشلەر ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزدىن
ياۋرۇپاغا تارقالغان . 19 ـ ئەسىرگە كەل-
گەندە ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتى
مۇكەممەل بىر تۈر بولۇپ تۈركىيە ، رۇ-
سىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا ـ ئۇيغۇرلارغا
قايتىپ كەلگەن . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ
پۇتبول ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرى-
ياللارنى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ھەر-
خىل توپ تۈرىدىكى يادىكارلىقلار ئارقىلىق
ئىسپاتلاشقا بولىدۇ .

## 7 . قول توپى

«جۇڭگو تەنتەربىيە قامۇسى» ۋە
«جۇڭگو تەنتەربىيە لۇغىتى» دە قول توپ
(ۋالىبول ) ھەرىكىتى 1895 ـ يىلى ئامې-
رىكىلىق مورگېن (C. W Morgen ) تەرى-
پىدىن ئىجاد قىلىنىپ 1918 ـ يىلى خەلق-
ئارا ئالتە كىشىلىك ۋالىبول ئويناش بار-
لىققا كەلگەن ، جۇڭگودا 1950 ـ يىلىدىن
باشلاپ ئالتە كىشىلىك ۋالىبول ئويناش
يولغا قويۇلغان [*]دېيىلگەن . دەرۋەقە ھا-
زىرقى زامان ۋالىبول ھەرىكىتىنىڭ تارى-
خىنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ . ئەمما قول
توپى ئويناش تارىم ۋادىسىدىكى تۈركىي
خەلقلەردە جۈملىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىدا
خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . بۇنى قوچو ئۇي-
غۇر ئېلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرىسى
ئىچىدىكى قىزىل بوددا مىڭ ئۆي غارلىرىغا
چۈشۈرۈلگەن تام سۈرەتلىرى ئىچىدە توپ
ئويناۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرەتلىرى بار-
لىقىنى ؛ ئۇ ئويۇننى ـ «پومزەك» دەپ
ئاتىلىپ كەلگەنلىكىگە ناھايىتى ئۇزۇن زا-
مانلار بولغانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك پا-
كىتلار ئىسپاتلىدى .

## 8 . جانبازلىق

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ جانبازلىق ھە-

رىكىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دە-
رىجىدە تەرەققىي قىلغان ھەمدە ئاتاقلىق
جانبازلار مەيدانغا چىققان . جانبازلىق جان
بىلەن ئويناشماق ياكى جان بىلەن ئوينىشى-
دىغان ئويۇن دېگەنلىكتۇر . تۇرپان ئاستا-
نىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن بىر ئادەم
ئۈزۈن خادىنىڭ ئۇچىدا بىر ئادەمنى تۇر-
غۇزۇپ موللاق ئاتقۇزۇۋاتقان ياكى پۇتىنى
ئاسمانغا قىلىپ تۇرغان 7- ۋە 8- ئەسىرگە
مەنسۇپ بولغان قونچاق ھەيكەل تېپىلدى .
(مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىگە قاراڭ)* بۇ ھەي-
كەل ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساق-
لانماقتا . ئېيتىشلارغا قارىغاندا «غەربىي
يۇرتلۇق شامىل دېگەن كىشى قەدىمكى زا-
ماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئۆزىنىڭ
چامباشلىق ھۈنىرىنى نامايەن قىلىش ئۇ-
چۈن شۇ جايدىكى چانباش ئۇستىلىرى بى-
لەن ئېلىشىپ ئاجايىپ ماھارەتلەرنى كۆر-
سەتكەن ھەمدە شۆھرەت قازانغان . شۇندىن
ئېتىبارەن شامىل دېگەن كىشىنىڭ چانباش-
لىق ھۈنىرىنى — «مۇشت ماھارىتى» خەن-
زۇ رايونلىرىدا «چاچۇەن» دەپ ئاتالغان .
چاچۇەن شەندۇڭ ، خېنەن قاتارلىق جايلاردا
ھېلىمۇ چامباشلىقنىڭ مۇھىم مەزھىپى
ئورنىنى تۇتۇپ كەلمەكتە . «چاچۇەن»
غەربىي رايوندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھازىرغىچە بۇنى
ئىسپاتلايدىغان تولۇق يازما خاتىرە يوق .
كۆپىنچە رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان .
شۇنداقتىمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك-
كى ، رىۋايەت تارىخ بولالمايدۇ ، لېكىن رى-
ۋايەتسىز تارىخمۇ يېزىلمايدۇ . ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ رىۋايىتى شۇ مىللەت خەلقى-
نىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى تۇرمۇشى ، ئۆرپ
ـ ئادىتى ۋە قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى
مەلۇم تارىخىي رېئاللىقنى بەلگىلىك دەرى-
جىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن بولىدۇ .
شۇڭا شامىل پەشۋا ئېتىشتا ئۇيغۇرلار ئارى-
سىدا داڭ چىقارغانلىقى ھەقىقەت . بۇ ھەق-
تە :

چىققان ئىكەن كېئىلوندىن بىر ئەۋ-
لىيا ،

ئېتىپ پەشۋا داڭلىق كېتىپتۇ مۇرتىلار
ئارا»

دېگەن قوشاقلار تارقالغان* . قوچو ئۇي-
غۇرلىرىنىڭ چانباشلىقى توغرىسىدا مۇنداق
بىر ۋەقە تارقالغان . «تاڭ سۇلالىسىنىڭ
گۈللەنگەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن
بىر بەگ بىرنەچچە چانباشنى ئۇيغۇرلار ئە-
لىگە باشلاپ كەپتۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
بىرەيلەن يەل گۇمپىسى (چىگۇڭ) نى
پىششىق بىلىدىكەن . بىر كۈنى بەگنىڭ
چانباشلىرى كوچىدا ئويۇن كۆرسىتىپتۇ ،
ھېلىقى يەل گۇمپىسى بار كىشى بىر دانە
كۆك تاشنى بىر مۇشت بىلەن ئىككى پارچە
قىلىۋېتىپتۇ . تاماشىبىنلار بۇنىڭغا ھەيران-
لىق بىلەن قايىل بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ-
تۇ . ئۇ يەنە بىر تامنى راسا بىر تەپكەنىكەن
تام لىڭشىپ كېتىپتۇ . ئاخىرىدا بىر سەك-
رەپلا بىر قەۋەت ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقى-
ۋاپتۇ . تاماشىبىنلار : «بۇ ئادەم قالتىس-
كەن» دېيىشىپتۇ . دەل شۇ پەيتتە بىر ياش
«ئالقان گۇمپىسى كۆرسىتىمەن» دەپتۇ ـ
دە بىر دانە شار شەكىلدىكى تۆمۈرنى مۇش-
تۇمى بىلەن بىر قويۇپتىكەن يۇمىلاق تۆ-
مۈر ياپىلاق بولۇپ قاپتۇ ، ئاندىن قولىنىڭ
يېنى بىلەن بىرنى ئۇرۇۋېتىكەن تۆمۈر ئىك-
كى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ ، ھېلىقى يەل
گۇمپىسى بار كىشى قىزغىن چاۋاك ئۇرۇپ-
تۇ . ئۇ يەنە تامنى ئىككى پۇتى بىلەن بىر
تېپىپ كەينىگە موللاق ئېتىپ قايتىپتىكەن
تام ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ . پۈتۈن مەيدان ھايا-
جان ۋە گۈلدىراس ئالقىشقا تولۇپتۇ . ئۇ
جامائەتكە «كېيىن مەن يەل ۋە ئالقان گۇم-
پىلىرىنى كۆرسىتىمەن» دەپتۇ ـ دە توپ
ئىچىدىن غايىپ بوپتۇ* . قوچو ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسى بولغان بېش-
بالىق شەھىرى تارىختىن بۇيان چانباشلار

تويلاشقان جاي بولۇپ، بۇ يەردە بۇددا راھىبلىرىدىن كۆپلىگەن چانباشلار يېتىشىپ چىققان ئىدى. بۇ خىل ئەنئەنىلىك مىللىي تەنھەرىكەت ھازىرغا قەدەر بۇ رايوندا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تارىختا كىشىلەر جىمەسار، گۇچۇڭنى «چانباشلار يۇرتى» دەپ ئاتاشنىڭ ئاساسى بار گەپ ئىدى. تارىختىن بۇيان بۇ جاينى «چانباشلار يۇرتى» دەپ ئاتىلىشىدا بۇ رايوندىكى چانباشچىلىقنىڭ تۈرى 100 خىلغا يەتكەن ۋە نۇرغۇن داڭلىق چانباشلار مەيدانغا كەلگەن. قېرىنداش يۇرتلاردىن ماھىر چانباشلار دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ئۇستىلىق بىلەن كۈچ سىنىشىپ ماھىرلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چانباشچىلىق ھەرىكىتىگە دائىر يازما يادىكارلىقلار ۋە ماددى بۇيۇملار تۇرپان رايونىدىن خېلى كۆپ تېپىلدى. (مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىگە قاراڭ)

## 9. دارۋازلىق

دارۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقلى، جىسمانى جەھەتتىكى پاراستىنى نامايەن قىلىپ يۈكسەك ئويۇن ماھارىتى بىلەن كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، دۇنياغا داڭ چىقارغان بىر خىل پائالىيەت بولۇپ كەلمەكتە. دارۋازلىق ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت بولسا كېرەك. چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق بايانلار بار: «ئوغۇزخاقان ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ساناقسىز جايلارنى ئۆزىگە قاراتقان بولسىمۇ ئەمما ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاسمان تەڭرىسىدىن ۋەزىرى ئۇلۇغ تۈرككە ئوغۇزخاقان ئىگىلىگەن يەرلىرىنى ئۆز بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىش ھەققىدە بىشارەتمۇ بېرىدۇ. شۇڭا ئوغۇزخاقان يۇرت ئاقساقاللىرىنى يىغىپ ناھايىتى داغ - دۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. مۇراسىمدا ئوڭ تەرەپكە 40 غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە ئۇزۇن بىر 40 غۇلاچلىق ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئوڭ تەرىپىگە بۇزرۇكلار ئولتۇردى. سول تەرىپىگە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى. 40 كېچە - كۈندۈز توي بولدى. ئىچىشتى، يېيىشتى، خۇرسەن بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى بۆلۈشتۈرۈپ بەردى»⑪ دەپ يېزىلغان. دارۋازلىقنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا شائىر قۇربان بارات ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەردە ھوسۇل بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقى، دارۋازلار دار باغلاپ قىزىل، يېشىل ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ناغرا - دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ماھارەت كۆرسىتىپ تەڭرىگە سېغىنىش روھىنى نامايەن قىلىدىغانلىقى ھەققىدە «ئاق رومالىق پەرىزات» دېگەن داستانىدا مۇنداق نەزمىلەر بار:

«سەل يىراقتا - قارا شېغىل تۈزلەڭدە،
يۈكسەك قىلىپ دار باغلىدى دارۋازلار.
بىر ئويۇنچى قىل ئاغامچا ئۈستىدە،
قىلدى ھەرخىل ماھىرانە پەرۋازلار.
لەپىلدەيتتى قىزىل، يېشىل ئەلەملەر،
ناغرا - دۇمباق تۈرار ئىدى گۈمبۈرلەپ.
ئويۇنچىغا ياغدى خۇشال ئالقىشلار،
ئېگىزلىككە بارغان چاغدا ئۇ ئۆرلەپ.
چوقان سالار ئىدى پەستە شامانلار،
بۇ ئويۇننى چۈشەندۈرۈپ ھەممىگە.
بۇ ئاسمانغا ئىنتىلىشتىن بىر تىمسال،

گۈزەل روھنىڭ يۈكسىلىشى تەڭرىگە ! . . .
دۇنيا تۇقار ئىدى ئۇلار خور قىلىپ ،
ئىككى يانغا سىلكىنەتتى باشلىرى .
قوللىرىدا ئىدى قىزىل كولاھلار ،
يەلپۈنەتتى مەجنۇنانە چاچلىرى . . . »

يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىلەر ئۇيغۇر-
لارنىڭ قەدىمكى دىنى ئېتىقادى بولغان شا-
مانىزمنىڭ تەسىرى بولۇپ ، بۇلاردىكى 40
غۇلاچلىق دار تۈۋرۈكى ، ۋە قىرىق كېچە-
كۈندۈز مەشرەبلەردە قانداق پائالىيەتلەر-
نىڭ بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي خاتىرىلەن-
گەن بولىسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئە-
نىۋى نورۇز بايرىمى بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلا-
رنى تولۇقلايدۇ . يەنە دارۋازلىق ھەققىدە
«خەننامە» ۋە «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىس-
قىچە بايانلىرى» ، «تاڭ بايانلىرى» دېگەن
كىتابلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە قارىغان-
دا ، شەرقىي خەن دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى-
گىچە بولغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر سېھىرگەر-
لىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە چاڭ ئەنلەرگە
بېرىپ دار باغلىغانلىقى مەلۇم [12] . تاڭ دەۋ-
رىدە ئۆتكەن جاڭ چۈننىڭ ئۆلىماسى چيۇ-
چۇجى 1221 ـ يىلدىن 1223 ـ يىلىغىچە
غەربكە ساياھەت قىلىپ ، يۇرتىغا قايتقاندىن
كېيىن يازغان «غەربكە ساياھەت» ناملىق
ئەسىرىدە ، ئۆزىنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەن-
لىرىنى مۇنداق بايان قىلغان : «شىمالدىن
غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ
بىر شەھەرگە كەلدۇق . بۇ شەھەرنىڭ پادى-
شاھى ئۇيغۇر ئىكەن . ئۇ بىزگە قىزغىن
مۇئامىلە قىلىپ سوۋغا بەردى . بىزنى
شورپا ، قاتلىما نان بىلەن مېھمان قىلدى .
. . يەنە بىر شەھەرگە كەلسەك كىچىك
ئۇيغۇر بالىسى موما ياغاچنىڭ ئۈستىدە مې-
ڭىپ پىچاقۋازلىق ماھارىتى كۆرسەتتى » [13]
دېگەن . دېمەك بۇ مۇندىن ئاز كەم 2000
يىل بۇرۇن دارۋازلىق ئويۇنلىرىنىڭ ئۇي-
غۇر يۇرتلىرىدا ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرسى-
تىدۇ . سوڭ دەۋرىدە ۋاڭ يەندې قوچو ئې-
لىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەندە يازغان «قو-
چوغا سەپەر» ناملىق كىتابىدا دارۋازنىڭ
ئارغامچا ئۈستىدىكى ماھارىتىنى تەسۋىر-
لەپ : «شىيەنچېڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىدىن
بۇرۇنقى 965 ـ يىلى ) پوسۇتنىڭ دۆلىتى-
نىڭ پادىشاھىغا بەش قىز ئورۇنلايدىغان
بىر ئويۇننى كۆرسىتىپ بەردى . قىزلار
دار ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلدى . ئۇنىڭ-
دىن باشقا ھەرخىل ئويۇنلارنىمۇ كۆرسەت-
تى . » دېيىلگەن . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن تارىخچى ۋاڭ چى يازغان «سەنسەي
توخوي» ناملىق كىتابتا : « . . . ئوردىدى-
كى ئويۇنلارنىڭ ئىچىدىكى دارۋازلىق ھە-
رىكىتى غەربىي ئەلدىن كەلگەن» دېيىل-
گەن . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت
خەزىنىسى بولغان باي ناھىيىسىدىكى قى-
زىل مىڭ ئۆيىنىڭ 77 ـ غارىدىكى تام
رەسىملىرى ئىچىدە دارۋازلىق ئويناۋاتقان
كۆرۈنۈشلەر بار . 8 ـ 7 ـ ئەسىرلەرگە
مەنسۇپ بولغان تۇرپان ئاستانە قەدىمكى خا-
رابىلىرىدىن تېپىلغان ھەيكەللەر ئىچىدە
تەڭشەك خادىنىڭ ئۇچىدا پۇتىنى ئاسمانغا
قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ ھەيكەل بار (مۇقا-
ۋىنىڭ 2 ـ بېتىگە قاراڭ )[14] . سەيجىڭ ياز-
غان «خەنيى» ناملىق كىتابتا : «غەربىي
ئەلدىن كەلگەن راھىبلار بىر زالدا ئويۇن
كۆرسىتىپ بەردى . ئۇلار بىردەم ئېلىق
بولۇپ ئۆزگەرسە ، بىردەم سېھرىق ئەجدىھا
بولۇپ ئۆزگىرىدىكەن ، ئىككى تۈۋرۈككە
تارتىلغان ئارىلىقى بىرقانچە گەز كېلىدى-
غان ئارغامچىدا ئىككى ئۇسسۇلچى قىز ئۇس-
سۇل ئويناپ ئۆزئارا بىمالال ئۆتىشىدى-
كەن » [15] دېيىلگەن . ئۇيغۇرلار ناخشا ، ئۇس-
سۇلچى مىللەت . ئۇلارنىڭ 8 ـ 7 ياشلىق
بالىلىرىمۇ ھەر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ بىرقانچە
سەكرەپ موللاق ئېتىپ تاماشىبىنلارنىڭ
كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدۇ [16] . ئۇيغۇرلار نا-
ھايىتى ماھارەتلىك كېلىدىكەن ، ئاياللىرى
ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدىكەن ،
مىس ـ سىم ئارغامچا ئۈستىدە دار ئوينى-

ـايدىـكەن . بىـر كـۆرۈشـكە ئـەرزىيـ ـ
دۇ ـ جۇمۇ[10] ؛ ۋاڭ زىڭيىنىڭ «شىنجاڭ
خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە : «8 ـ 7
ياشلىق ئۇيغۇر سىبىرىكچىلىرى بىر قېتىم ـ
دىلا ئون نەچچە موللاق ئاتالايدىكەن . ئۇچ ـ
قاندەك سەكرىيەلەيدىكەن ، كۆرگۈچىلەر ـ
نىڭ كۆزلىرىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋېتە ـ
لەيدىكەن» [11] دېيىلگەن . چىيەنلۇڭ ئۇيغۇر ـ
لارنىڭ دار ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن ،
يازغان شېئىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە : «ئۇ ـ
لار مېھمانلار ئالدىدا دارغا چىقىپ ئۆزلىرى ـ
نىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كۆرگۈچى ـ
لەرنى خۇشال قىلدى [12] دېگەن . قوچو ئۇي ـ
غۇرلىرىنىڭ دارۋازلىق ھەرىكىتى ھەققى ـ
دىكى يازما خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيە ـ
لىك پاكىتلار ناھايىتى كۆپ .

### 9 . نورۇز

نورۇز ئەسلى ئۇيغۇر جۇملىدىن تۈر ـ
كىي خەلقلەرنىڭ كاتتا مىللىي بايرىمى
شۇنداقلا تەبىئەت بايرىمى . نورۇزدا قەدىم ـ
كى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بولغان ئەن ـ
ئەنىۋى ئاممىۋى پائالىيەتلەر نامايەن قىلى ـ
نىدۇ . بۇ نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ ـ
زۇن تارىختا ئىگە ئومۇمىيۈزلۈك تەنتەنە ۋە
داغ ـ دۇغىلىق بىلەن ئەركىن ھالەتتە ئۆت ـ
كۈزۈپ بېرىلىدىغان يېڭى يىل بايرىمىدۇر .
بۇ بايرام شەمسىيە (كۈن) كالېندارى بو ـ
يىچە يىل ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل كىرىش
كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇ ئەسلى يېڭى يىل
بايرىمى بولۇپ ، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋا ـ
قىت ئېتىبارى بىلەن تەڭلىشىدىغان مىلادى ـ
يە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ
كۈنىگە توغرا كېلىدۇ . نورۇز بايرىمى ئوت ـ
تۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ بو ـ
لۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد
قىلىپ كەلگەن ھەرخىل دىنلىرى ۋە توتېم ـ
لىرىنى مەنبە قىلغان ھالدا مەيدانغا كەل ـ
گەن بولۇپ ، بۇلارنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ـ
دىن تەپسىلىي كۆرسەك قوچو ئۇيغۇرلىرى ـ
نىڭ تارىخىي تۇرمۇشىدىن بىر كارتا ئال ـ
غاندەك ھېس قىلىمىز . بۇنىڭغا ئاساسەن
كونا يىلنى ئۇزۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوش ـ
لىش يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاپ خۇشال ـ خۇ ـ
رام تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ئەتىيازلىق تې ـ
رىلغۇغا ۋە چارۋىلارنىڭ ياخشى تۆللىشىگە
ئاسايىشلىق ھەم توقچىلىق ـ مەمۇرچىلىق
قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ . قوچو ئۇيغۇر ـ
لىرىدا يېڭى يىلنىڭ بېشى قانداق باشلانسا
شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ يەنى «كۈنىنىڭ بېشى
ئەتىگەندىن باشلانسا ، يىلنىڭ بېشى ئەتى ـ
يازدىن باشلىنىدۇ» دېگەن ئەقىدىسى بويى ـ
چە يېڭى يىل (نورۇز) كۈنىنى بەك ئۇ ـ
لۇغلايدۇ . بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدى ـ
لىنىپ ياخشىلىق ، خۇشاللىق ، سېخىيلىك
ۋە باياشادلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ . شۇ ئەقىدە
بويىچە نورۇز بايرىمىنى ئىنتايىن باياشاد
ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ . نورۇز بايرىمى
ئالدىدا كىشىلەر مۇھىت تازىلىقى قىلىدۇ ،
ئۆي ـ قورولىرىنى ۋە ئىشىك ئالدى كو ـ
چىلارنى تازىلايدۇ . پاكىزە رەتلىك كىيىنى ـ
دۇ . ھەر بىر ئادەم ئىمكانىيەت بار بۇ
كۈنى مىللىيچە يېڭى كىيىم كېيىشى كې ـ
رەك . نورۇز بايرىمىنىڭ ئالدىدىكى تازى ـ
لىق نورۇز قوشاقلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلە ـ
نىدۇ .

كىگىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ ئۆيلەرنى
قىلغىن يورۇق ،
بۇلۇڭلاردا قالمىسۇن پايتىمە چو ـ
رۇق ،
بولسۇن مۇھىت پاكىزە ، ئەخلەت ـ
چاۋادىن ئەسەر يوق ،
كەلسە مېھمانلار كۆرۈپ كۆڭۈللىرى
بولسۇن ئوچۇق .
بەھوزۇر كەيىپ سۈرۈپ يايرىسۇن
مېھمان بۈگۈن ،
كەلسە مېھمان ھويلا ـ ئارامدا ھېچ
ئەخلەتنى كۆرمىسۇن .

بالا ـ چاقا ، مال ـ ۋاران قىلغان
تېزەكنى كۆرمىسۇن ،
ھېچنەرسىدە ناخۇشلۇق مېھمانلارغا
يەتمىسۇن ،
بەرگەن تائامىڭنى يېسۇن ، ھالاۋەتتە
ئولتۇرسۇن .
ھەممىدە خوش‌نور بولۇپ خوشلۇق بىلەن كەتسۇن بۇگۈن
گۈللەر قىسۇر قىز ـ ئوغۇل ، ئەگرى
قويار تۆكىنى ،
مەجلىس قىلىپ ئوينىشار ، ئاچۇر
كۆڭۈل مۈلكىنى ،
قايغۇ ـ مىھنەتلەر كېتىپ ، ئوينىشار
كۈندۈز بۇگۈن⑩ .

ئۇمومەن بۇ كۈندە خۇشاللىق ئاساس ئورۇنغا قويۇلۇپ كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلار قىلىنىدۇ . يامان ئىشلار ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان ، كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان ئىشلار قىلىنمايدۇ . بايرام ئىنتايىن مېھمان دوستلۇق كەيپىيات بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ . نورۇز بايرىمىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ھەربىر ئائىلە ئۈچۈن شەرەپ ۋە بەخت ھېسابلىنىدۇ . بۇ بايرامنى ھەرقايسى ئورۇق قوۋملەر يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ . كۆپىنچە ھاللاردا بىر قەبىلە بىلەن بىر قەبىلە ، يۇرت بىلەن يۇرت ۋە مەھەللىلەر ئاساس قىلىنغان ھالدا كۆپچىلىك ئۆز ئىقتىسادىي ۋە ئىختىيارى بويىچە يىغىش قىلىپ گۆش ، گۇرۇچ ، ياغ ، سەۋزە ، ئارپا ، بۇغداي قاتارلىق خورۇچلارنى ھازىرلاپ ، چوڭ مازار ، ئىبادەتخانا ، سەيلىگاھ ، يېزا‌بازار ، رەستىلەر ، تاغ ـ دەريا بويلىرىدىكى مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ كوللېكتىپ ھالدا داش قاينىتىپ ياكى نورۇز ئېشى ئېتىپ نەزىر ـ نورۇز ئۆتكۈزىدۇ . ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار سەيلە قىلىپ مۇڭدىشىدۇ ، كۆڭۈل ئاچىدۇ . بەزى جايلاردا كەڭتاشا بىر جاينى سەيلىگاھ قىلىپ ھەممە شۇ جايغا توپلىنىدۇ . ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ بىرەر قازان تاماق ياكى بىر داستىخان ، بىرەر تاۋاق تاماق ، پوشكال ، نان ، سامسا ، قارت ، سۈرئەت ، قىمىز ، گۆش ، ئۆپكە ـ زاسۇي . . . قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ كۆپچىلىك يىغىلغان سورۇنغا ئەكىلىپ بۇنىڭغا جامائەت بىرلىكتە ئېغىز تېگىدۇ . بەزى جايلادا بۇنى ئادەتتە ساراخەتمە دەپمۇ ئاتىشىدۇ . گايى جايلاردا پۈتۈن يۇرت ، ئورۇق ، قەبىلە خەلقى ئېگىز چاقلىق كۆپ گۆگىسىنلىك «قاڭقا» ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ ياكى ئات ، تۆگە ، ئېشەك ، كالا ، قوتاز قاتارلىق ئۇلاقلار بىلەن خۇددى كۆچۈپ چىققاندەك قازان ـ قومۇچلاردىن تارتىپ ئېلىپ يۇقىرىقىدەك كەڭتاشا مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ ئۆز ئالدىغا چېدىر ، كەپە ، بارگاھ تىكىپ ئورۇنلىشىدۇ . نەغمىكەش ، سازاندىلەر ۋە ئومۇمەن نەغمە ناۋا سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ھەرخىل داقا ـ دۇمباق ، ناغرا ـ سۇناي ، داپ ـ دۇتار ، چاقچاق ، ساقىقا قاتارلىق سازلارنى ئاپىرىدۇ . ھەرخىل تىجارەتچىلەر ، كاۋاپچىلار ، سامسىپەزلەر ، ناۋايلار ، يايمىچىلارمۇ بېرىپ ۋاقىتلىق يايما ۋە دۇكانلارنى قۇرۇپ تاپاۋەت قىلىپ نورۇز بايرىمىغا بىر خىل ئاۋاتلىق قوشىدۇ . نورۇز چاچقۇسىدا چوڭ قازاندا بۇغداي كۈجىسى ۋە ئۇماچتىن ئىبارەت نورۇز تامىقى جىگدە ، سېرىق ياغ ، گۆش ، قوينىڭ بېشى ، سىرگە . . . قاتارلىق يەتتە ياكى توققۇز تۈرلۈك ماتېرىيالنى خورۇچ قىلىپ تەييارلىغان نورۇز سۈيىنى ئەتىسى ھەممەيلەن ئىچىدۇ . بۇ «سالام سۈيى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇندىن باشقا سەيلىگاھقا چىققان ئائىلىلەر ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز كەسپلىرىدە تاماق تەييارلايدۇ . مۇنداق تاماقلار بىر ۋاقىت ئىچىدە (ئاساسلىق چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ) تەييار بولىدۇ . بۇ تائاملاردا ئۇيغۇرلاردا دائىم ئىستېمال قىلىنىدىغان پولو ،

مانتا ، نارىن ، شويلا ، بەتتەھ ، چۆچۈرە ،
بەنشە ، سامسا ، سامبۇسا ، ئۇگرە ، گۆش ،
شورپا ، ئۆپكە - قىبرىن ، ئاق ئاش ، قوي-
ماق ، پوشكال ۋە ھەرخىل نان - توقاچلار-
دىن ئىبارەت . بۇ ۋاقىتتا ئومۇمىي بىر جا-
كار بىلەن كەڭ بىر دائىرە - چەمبىرەك
شەكلىدە سورۇن ھاسىل قىلىنىپ كۆپچى-
لىك شۇ دائىرىنى بويلاپ ئولتۇرىدۇ . بۇن-
داق سورۇندا خاھى شاھ - پادىشاھ بول-
سۇن ، خاھى گاداھ - مەدىكار بولسۇن ئۆز
نۆۋىتى بويىچە سورۇنغا كىرىپ رەت بويىچە
ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ . يۇمىلاق دائىرە
ئىچىدە بىر ئىككى غۇلاچتەك يەر ئىشىك-
ئىبغىز ئورنىدا بوش ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ .
ھەر بىر ئائىلە بىر - بىر ئارقىدىن كەلتۈ-
رۈلگەن تائام ھىلىقى ئىشىك ئارقىلىق بى-
رىنىڭ ئارقىدىن بىرى سورۇندىكىلەرنىڭ
ئالدىغا قويۇلىدۇ . بۇ تائاملار مەيلى ئەڭ
ئېسىل تائام بولسۇن ياكى ئاددىي تائام بول-
سۇن كىمنىڭ ئالدىغا قايسى تاماق كەلسە ،
شۇ تاماق تارتىلىدۇ . ھېچكىم تاماق تاللى-
مايدۇ . تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئادەت
بويىچە دۇئا قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشقا بە-
رىكەت ۋە سۇ ، ئوت تەلەپ قىلىدۇ . ھەر-
خىل ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ . ئاندىن
تۇغقان چېيى باشلىنىدۇ . بۇ نورۇز چېيى
دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇرۇق تۇغقانلار ،
تونۇش كىشىلەر ، بىر - بىرىنىڭ داستى-
خانلىرىغا بېرىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا
مېھمان بولۇشىدۇ . بىر - بىرىدىن ھال
سورىشىپ ، ئۆزئارا ئەھۋاللىشىدۇ . ئۆزئا-
را قودا ئىزدىشىپ قودىلىشىدۇ ۋە باشقا
ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ . ئاندىن
ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى
باشلىنىدۇ . بۇ پائالىيەتلەر ۋە ئويۇن -
تاماشىلار بىرقانچە جايدىكى سورۇنلاردا ئې-
لىپ بېرىلىدۇ . ئويۇن تاماشا تۈرلىرى
ھەرخىل بولىدۇ . بۇ يەرگە ئۇرۇق ، قەبىلە
ۋە يۇرت ، مەھەللىلەردىن ئاتاقلىق دارۋاز-
لار ، جانبازلار ، پالۋانلار ، مەرگەنلەر ، چە-
ۋەندازلار ، ئوۋچىلار ، قوشچىلار ، ئوغلاق-
چىلار ، پومزەكچىلەر ، چاقپىلەك ماھىر-
لىرى ، ئەلەنگۈچ ماھىرلىرى ، ياغاچ پۇت-
لۇقلار ، قونچاقلار ، مەدداھلار ، پىرىخون ،
باخشى ، قىزىقچى ، ھاپىزلار ، مەسخىرى-
ۋاز- ھەزىلكەشلەر ئۆز قىزغىنلىقلىرى بى-
لەن كېلىپ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ما-
ھارەتلىرىنى نامايەن قىلىپ مۇراسىمنى
قىزىتىۋېتىدۇ . شۇنىڭدەك بۇ مۇراسىمدا
يەنە دەرۋىشلەر ، سوپىلار ، بۇۋىلەر ، را-
ھىبلار ، پىرىخون - باخشىلار ، شەيخلەر ،
تىلەمچى- قەلەندەر - بەڭگە ، قىمارۋازلار ،
ئېلىپ- ساتارلار . . . . مۇ كېلىپ ماھا-
رەت كۆرسەتكۈچىلەر مەيدانىنىڭ بىر چې-
تىدىن مۇۋاپىق جاي تاللاپ ئۆزىگە خاس
ئورۇن (سەھنە) ھازىرلايدۇ . پىرىخون ،
باخشىلار ، مەدداھلار ، داپ - ساپايى قاتار-
لىق سازلار بىلەن ئادەم يىغىدۇ . يىغىلغان
كىشىلەر مەدداھلارنى چۆرىدەپ چەمبىرەك
ھاسىل قىلىدۇ . ئاندىن پىرىخون ، مەد-
داھ ، قىسسە - داستانچىلار ناھايىتى قىزى-
قارلىق ھەرىكەت ۋە يۇمۇرىستىك سۆزلەر
بىلەن ئۆز داستانىنى باشلايدۇ . مەسخىرى-
ۋاز - ھەزىلكەشلەر پۈتۈن سورۇندىكى كۆ-
زى چۈشكەن كىشىلەرگە لەقەم قويۇپ چى-
قىدۇ . ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى شاگىرتلار
دوست تارتىشىپ بېرىدۇ . يۇقىرىدا ئېي-
تىپ ئۆتكەندەك نورۇز سەھنىسىدىكى ئو-
يۇنلار خىلمۇخىل بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قا-
رىغاندا پارسچە يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تا-
رىخى كىتابى «شەمسۇمۇل لوغات» نىڭ
312 - بېتىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان
«نورۇزنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن خەلق
ياخشى كۆرىدىغان رەسىم ئۆرۈپ - ئادەتلەر
يولغا قويۇلغان . ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش
پائالىيەتلىرى ئويۇشتۇرۇلغان . ھەم ئات
بەيگىسى ، ئوغلاق تارتىشىش ، چېلىشىش ،
ئات توپى ئويناش ، ئات ئۈستىدە تەڭگە ئې-

لىش ، ئات ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش ، شاھمات ئويناش ، جانبازلىق ، پۇت توپى ، قول توپى ئويناش ، باپۇز ئويناش ، ئارغامچا تارتىشىش ، گەرەتكە ئويناش ، چاقپەلەك ئويناش ، دارۋازلىق ، ئوردىكام ئويناش ، تەپكۈچ ئويناش ، چاكىم ئويناش ، قارا قارا قۇشلارىم ، ئات يورغىلىتىش ، تۆگە بەيگىسى ، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش ، قىلىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىق ، دەرەخقە چىقىش ، تاغقا چىقىش ، ئۇۋچىلىق ، ئاتلىق توشقان قوغلاش ، بوقىچىلاپ ئارقان تارتىشىش ، كالتەك تارتىشىش ، قوشقار سوقۇشتۇرۇش ، بوقا بىلەن ئېلىشىش ، ئىت تالاشتۇرۇش ئىلەنگۈچ ، بېلىق تۇتۇش ، قارچىغا ۋە بۈركۈت سېلىش ، سالما تاشلاش ، بىر پۇت بىلەن تاقلاپ يۈگۈرۈش ، بېغىش قايرىش ، قوشقارچىلاپ ئېلىشىش ، بېشىغا قوم خالتا قويۇپ يۈگۈرۈش ، ئېشەك چېپىشتۇرۇش ، ئاتلىق تاسما تارتىشىش ، يىلىك سۇندۇرۇش ، تاي بەيگىسى ، نەيزە ئېتىش ئويۇنى ، مۈكۈشمەك ئويناش ، قارىغۇ چاشقان ئويۇنى ئويناش ، چالما ئېتىشىش ، تىز سوقۇشتۇرۇش ، باش تىركىشىش ، قول تارتىشىش ، ئۆكۈز كۆتۈرۈش ، تاغار كىيىپ يۈگۈرۈش ، سۇ كۆتۈرۈپ يۈگرەش ، چىش بىلەن تاغار يۆتكەش ، كېسەك ئېتىشىش ، تاغار كىيىپ چېلىشىش ، ئېشەك مىنىش ئويۇنى ، بەلباغ تاشلاش ، قامچا تاشلاش ، دامكا ئويناش . . . قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ نورۇز بايرىمىدا كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ كۈنلەردە زىنداندىكى مەھبۇسلارمۇ كۆڭۈل ئېچىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ . قىزلار يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ نورۇز بايرىمىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرۇۋېتىدۇ[71] . » دېيىلگەن . بۇ يەردىكى ئويۇنچىلار ئۆز ئالدىغا سورۇن تۈزۈپ ھەركىم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ، قىزىقىدىغان ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىشىدۇ . ئاتلىقلار ، چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىشىدۇ . ئات بەيگىسىگە قاتنىشىدۇ . پالۋانلار ، مەرگەنلەر ، چانباشلىق قىلىدۇ ، دېمەك يۇقىرىدىكى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يولىدا ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا ، ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن «قىش بوۋاي ئويۇنى » ، «يولۋاس ئويۇنى » ، «شىر ئويۇنى » ، «ئارغىماق ئويۇنى » ، «ياغاچ پۇتلۇقلار ئويۇنى » ، «سۇ مۇز ئويۇنى » ، «رومال ئويۇنى » ، قاتارلىق ئىپتىدائىي دراممىلارنى ئوينايدۇ . بۇ ئويۇنلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ ، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان بارلىق جايلاردىن ئالايلۇق ، شىمالىي قۇملۇق قەدىمكى كۆچا ، ئاگنى (قارا شەھەر ) ، قوچو قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا ، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلاردا ، بۇددا مىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرگىلى بولىدۇ .

قىسقىسى ئورقۇن ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى جۇڭغار ، تارىم ئويمانلىقىغا قەدەر كەڭ زېمىندا ھەر يىلى ئۆتكۈزىلىدىغان بايرام مۇراسىملاردا بەزمە ـ مەشرەپلەر مۇجەسسەملەشكەن ۋە كامال تاپقان . ھەقىقەتەن ئەجدادلىرىمىز خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر شائىرى ئىليا بەختىيا ئېيتقاندەك «ئۇيغۇرلار ناخشا ـ سازسىز ۋە مەشرەپسىز يۇرمىگەن »[70] قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا شانلىق مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى ياراتقان .

خۇلاسىمىزدا ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى چەكسىز پارلاق مەدەنىي ھايات بولۇپ ، قوچو ئۇيغۇرلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋادىلاردىن تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش بولۇپمۇ ھازىر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇنىڭدەك

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىـ قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن مەدھىيىلەشكە ئەر-
نىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زىيدۇ . ئەلۋەتتە .
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇنى چەكسىز

~~~~~~~~~~~~~~~~~~

**ئىزاھاتلار**


① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 7ـ8ـ سان (ئىچكى ژۇرنال) 4ـ، 5ـبەت .

② «غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى» (مەجمۇئەسى) 1983 ـ يىل 3 ـ سان (خەنزۇچە) 24 ـ بەت .

③④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 4 ـ سان (ئىچكى ژۇرنال) 5ـ، 6ـ بەت .

⑤ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى . 490 ـ جىلد قوچو تەزكىرىسى» ، («ئۇيغۇرلارغا ئائىت قىسقىچە تارىخ ماتېرىياللار توپلىمى» (بىرىنچى قىسىم) مىللەتلەر نەشرىياتى 1958 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى 1981 ـ يىل 4 ـ ئاي بېيجىڭ 2 ـ قېتىم بېسىلىشى (خەنزۇچە) 55 ـ بەت .

⑥ خۇاتو : «غەربىي رايون تارىخ تەتقىقاتى» (8ـ10ـئەسىرلەر) ، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 87 ـ بەت .

⑦ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 ـ جىلد (خەنزۇچە) ، («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ قېتىم نەشرى ، 1988 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلىشى ، 140 ـ بەت .

⑧ «ئۇيغۇرلارغا ئائىت قىسقىچە تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1958 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ قېتىم نەشرى 1981 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلىشى (خەنزۇچە) 58 ـ بەت .

⑨ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 251 ـ بەت .

⑩ لېكوك : «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت گۆھەرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 12ـ، 32ـ بەت .

⑪ قۇربان ۋەلى : «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1988 ـ يىل 8 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى ، 145ـ، 140ـبەتلەر .

⑫ يۇقىرىقى كىتاب 110 ـ بەت .

⑬ مەھمۇد كاشغەرى : «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى I توم 40 ـ بەت .

⑭ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋىرى» 1985 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە) 3ـ4ـ قوشما سان 9ـ بەت .

⑮ ئابدۇللا تالىپ : «ئۇيغۇر ماتارىپى تارىخىدىن ئۆچېرىكلار» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987ـ يىل 8 ـ ئاي بېسىلىشى 23 ـ بەت .

⑯ ئى . يۇسۇپ قاتارلىقلار تۈزگەن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 17ـ، 18ـ، 19ـ بەتلەر ، گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى (خەنزۇچە) 109ـ، 110ـ، 111ـ، 112ـبەتلەر .

⑰ ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» بىرىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم ، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى (1980 ـ يىل ئۆكتەبىر)باستۇرغان . 181ـ بەت .

⑱⑲ ئابدۇللا تالىپ : «ئۇيغۇر ماتارىپى تارىخىدىن ئۆچېرىكلار» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 25ـ26ـبەتلەر .

⑳ مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى I توم 40 ـ بەت .

㉒⑪ ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» بىرىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم ، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982 ـ يىلى ئۆكتەبىردە باستۇرغان . 21ـ22ـبەت .

㉓ گابائىن (گېرمانىيە) : «قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىقى» ، («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئىلمىي تەتقىقاتتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى» باشقارمىسى پەن ـ تەتقىقات ئاخبارات ئىشخانىسى تۈزگەن) . 57 ـ بەت .

㉔ «غەربىي رايوندىكى دۆلەت گۆھەرلىرى ئەلبومى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى ، (خەنزۇچە) 46 ـ بەت .
~~~~~~~~~~~~~~~~~~

㉕ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1985 - يىل بىرىنچى سان، 99 - بەت.
㉖ ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1 - كىتاب بىرىنچى قىسىم قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982 - يىلى ئۆكتەبىردە باستۇرغان، 26 - بەت.
㉗㉘ «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» 1994 - يىل 4 - سان 53 - بەت، «غەربىي رايون تارىخ جۇغراپىيە مەجمۇئەسى» 1984 - يىل 4 - سان (خەنزۇچە) 6 - بەت.
㉙ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 8 - ئاي بىرىنچى نەشرى 1 - توم 448 - بەت.
㉚ پېتېر خوپكىرك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىيلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل 11 - ئاي بىرىنچى نەشرى 184 - 185 - ، 8 - بەتلەر.
㉛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىل 4 - سان (ئىچكى ژۇرنال) 36 - بەت.
㉜ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر ماقارىپى تارىخىدىن ئۇچىركلار» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 8 - ئاي نەشرى 25 - بەت.
㉝ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 8 - ئاي، بىرىنچى نەشرى 452 - 450 - بەتلەر.
㉞㉟㊱㊲ «ئۇيغۇر تىبابىتى قىسقىچە تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى (1) 1982 - يىل 9 - ئاي، 7-، 9-، 10-، 12-، 15-، 16-، 17-، 18-، 24-، 25-، 26-، 28-، 33-، 46-، 56-بەتلەر.
㊳ قۇدرەت ئابلىمىت: «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى 6 - بەت.
㊴ «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» 275-276 - بەت. («شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى 8 - بەت.
㊵ «تۈرك قامۇسى» (29 - توم 384-بەت) («شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى 8 - بەت.
㊶ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل 8 - ئاي بىرىنچى نەشرى 1 - توم 619 - بەت.
㊷ «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار» (رەسىملىك) 1975 - يىل 10 - ئاي، شائخەي بىرىنچى نەشرى (ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى) 109 - بەت.
㊸ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986-يىل 6 - ئاي بىرىنچى نەشرى 152 - بەت.
㊹ گاباڭىن (گېرمانىيە): «قوچو ئېلىنىڭ تۇرمۇشى» تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش تەھرىراتى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ 1989 - يىل 3 - ئايدا باستۇرغان، 71 - بەت.
㊺ قۇدرەت ئابلىمىت: «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى 48 - بەت.
㊻ «ئۇيغۇر ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 3 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 252 - بەت.
㊼ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - توم 1980 - يىل 8 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 151-، 152-، 153-بەتلەر.
㊽㊾㊿(51) «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 3 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 253-، 254-، 264-بەتلەر.
(52)(53)(54)(55)(56)(57)(58) قۇدرەت ئابلىمىت: «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 50-، 67-، 68-، 99-، 111-، 90-بەتلەر.
(59) («جۇڭگونىڭ جانبازلىق تارىخى») (تەربىيە تارىخى ماتېرىياللىرى ژۇرنىلى 1982 - يىل 9 - ئاي (خەنزۇچە باسمىسى.
(60) قۇدرەت ئابلىمىت: «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 92- بەت.
(61) «تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى
(62)(63)(64)(65)(66)(67)(68)(69)(70)(71) قۇدرەت ئابلىمىت: «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل 9 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 132-، 133-، 134-، 148-، 144- بەتلەر.
(72) «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985 - يىل 4 - سان، 41 - بەت.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى

ئەسەت سۇلايمان، مىھرىئاي مەمتىلى

1

قوچو ئۇيغۇر ئېلى (1370 ـ 866)
ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم تا-
رىخىي دەۋردۇر. ئۇ ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن
مىللەت سۈپىتى بىلەن غەربكە كۆچكەندىن
كېيىنكى دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي شارائىتتا
مەيدانغا كەلگەن ئىككى چوڭ خاندانلىقنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقاتلار ئۇزاقتىن
بۇيان ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوز-
غاپ كەلدى. بولۇپمۇ IX X ئەسىرنىڭ
ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، چەت ئەل
ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرىنىڭ بۇ رايوندا
ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى ياۋروپا ئىلىم ساھە-
سىنىڭ مەزكۇر رايونغا بولغان قىزىقىشىنى
يەنىمۇ كۈچەيتتى. شۇندىن باشلاپ، مەم-
لىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇشۇ ساھەدە
نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كەل-
دى. لىكوك، ۋ.باڭ، ئا.ۋ. گابائىن،
گېڭ شىمىن قاتارلىق ئالىملار شۇنىڭ
جۈملىسىدىندۇر. گەرچە، قوچو ئۇيغۇر
ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ-
تىن بېرى ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلىنغان
بولسىمۇ، لېكىن بەزى ساھەلەر، جۈملە-
دىن كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى يەنىلا
بوش ساھە ھېسابلىنىدۇ

ھەممىگە مەلۇمكى، كىشى ئىسىمل-
رى ھەرقانداق بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. كىشى ئىسىمل-
رى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەلۇم مىللەتنىڭ
مۇئەييەن بىر تارىخىي شارائىتتىكى مەدە-
نىيەت خاھىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.
شۇڭا قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى ئەمەلىيەتتە
قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مە-
دەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە. مەزكۇر ماقالە دەسلەپكى قە-
دەمدە قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەدە-
نىيەت قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى
ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنى مەقسەد
قىلىدۇ.

2

قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرى كۆپ خىل مەدەنىيەت-
لەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە
مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ناھا-
يىتى زور دەرىجىدە قەدىمكى تۈرك ـ ئۇي-
غۇر كىشى ئىسىملىرى، جۈملىدىن كۆك
تۈرك ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىد-
كى كىشى ئىسىملىرىغا ۋارىسلىق قىلدى
شۇنداقلا بېيىتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قوچو
ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئاساس قىلىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى ھىندى (ساذ-

سىكرت ) ، توخار ، سوغدى ، خەنزۇ ، ئە-
رەب ، پارس قاتارلىق مىللەتلەر كىشى ئى-
سىملىرىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرى-
دى . مۇنداق ئەھۋال ئۆز دەۋرىدىكى قوچو
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى
ئىدى . قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇي-
غۇر كىشى ئىسىملىرىغا ئائىت مەخسۇس
ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىل بولسىمۇ ،
لېكىن بىز ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قوچۇ
ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلاردىن شۇ دەۋر
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي قى-
ياپىتىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن . بو-
لۇپمۇ گېرمانىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ گا-
بائىن خانىمنىڭ «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ
ئىجتىمائىي ھاياتى» ناملىق ئەسىرى بىزنى
مۇشۇ ساھەدىكى مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلى-
رى بىلەن تەمىنلەيدۇ . گابائىن خانىمنىڭ
مەلۇماتلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى
يادىكارلىقلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئا-
ساسلانغاندا ، قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئومۇمەن مۇنداق
بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

بىرىنچى : بەزى كىشى ئىسىملىرى
مىللەت ۋە قەبىلە ناملىرىغا قويۇلغان . مە-
سىلەن : mărkit ، kăray ، qipčaq ،
qitay-bŏrt ، qitay-buqa ، misir ،
yaɣlaqar-inal ، uyur tapmiš
ĭndu ، apa-tegin ، tatar ،
قاتارلىقلار[1] . مۇنداق ئەھۋال «ئوغۇزنا-
مە» ئېپوسىدىمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ،
ئوغۇزخان ئۆز سەركەردىلىرىدىن بىرىگە
«قىپچاق» ، يەنە بىرىگە «قارلۇق» دەپ
ئىسىم قويىدۇ .

ئىككىنچى : قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋ-
رىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ،
ھايۋانات ناملىرىغا قويۇلغانلىرى نىسبەتەن
گەۋدىلىكرەك بولۇپ ، arslan ، buqa ،
toɣril ، bori قاتارلىق ناملار بىلەن باغلان-
غانلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ . بولۇپمۇ بۇ-
نىڭ ئىچىدە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى
كۆپرەك arslan نامى بىلەن باغلانغان ئى-
سىملارنى كۆپرەك قوللانغان . مەسىلەن :
arslan-tonga ، bitkăči- beg arslan ،
qumar arslan čangši ، alp arslan ،
ărk arslan sangun ، arslan balban
قاتارلىقلار . باشقا ھايۋانات ئىسىملىرى ،
بولۇپمۇ buqa نامى بىلەن بىرىكىپ كېلى-
دىغان بىر قىسىم ئىسىملارنى ئاۋام خەلق
كۆپرەك قوللانغان . مەسىلەن : bărs-
buqa ، bak-buqa ، temir-buqa ، sabi-
buqa ، iš-buqa ، el-buqa ، bay-buqa
قاتارلىقلار . ئۇنىڭدىن باشقا toɣril ،
tonga ، bori قاتارلىق ھايۋانات ناملىرى
بىلەن باغلانغان ئىسىملارمۇ كۆپ ئۇچراي-
دۇ . مەسىلەن : arslansĭr- toɣrul ،
xotun-toɣrul ، uzmis-toɣrul ،
adgu-toɣrul قاتارلىقلار .

ئۈچىنچى : خېلى كۆپ بىر قىسىم
كىشى ئىسىملىرى temur سۆزى بىلەن قو-
شۇلۇپ ياسالغان . مۇنداق ئىسىملارنى يۇ-
قىرى تەبىقە كىشىلىرىلا قوللىنىپ قال-
ماستىن ، بەلكى يەنە ئاۋام خەلقمۇ كەڭ
تۈردە قوللانغان . مەسىلەن : temŭr ،
ming-temŭr ، băg-temür ،
toq-temúr ، el-temür ،
mangu-temúr ، asan-temür ،
qara-temür ، temer-buqa ،
qutluɣ-temúr ، buyan-temŭr

تۆتىنچى : قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى-
دىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملى-
رى ئىچىدە qara ، aq ، kŏk ، sariɣ
قاتارلىق رەڭ ناملىرى بىلەن باغلانغان كى-
شى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ . بولۇپمۇ بۇلار-

نىڭ ئىچىدە qara سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن كىشى ئىسىملىرىنى ئاۋام خەلق كەڭ تۈردە قوللانغان . مەسىلەن : -bölük altun- ، ming-qara ، tülăk-qara ، qara qara قاتارلىقلار .

بەشىنچى : بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى (el) سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملارنى قوللىنىشنى ياخشى كۆرگەن . بۇنداق ئەھۋال كۆك تۈرك ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ بىزگە ئۇچرايدۇ . كۆك تۈرك قاغانلىرىدىن eltabir ، eltariš قاتارلىق قاغانلارنىڭ ئىسىملىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر . ئومۇمەن (el) سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار كۆپىنچە دۆلەتمەن كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپرەك قوللىنىلغان . مەسىلەن : el- ، el-yiγmiš ، el-almiš ، el-qaya ، el-inanč ، tuzmiš قاتارلىقلار .

ئالتىنچى : قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ، ئەمەل ـ مەنسەپ ، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلەشكەن بىر قىسىم خەنزۇچە ، سانسكرىتچە ۋە ئەرەبچە ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : el-toyin ، singqo săli tutung ، tutuq sangün ، čitung-sali tirak قاتارلىق خەنزۇچە ئارىلاش ئىسىملار ، burxan- ، (maytri) maitri ، nom-quli ، quli ، suryaširi ، butaširi ، papamqara قاتارلىق سانسكرىتچە ئىسىملار ۋە häsän/ ásăn ، mubarăkqoč قاتارلىق ئەرەبچە ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ .

يەتتىنچى : قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ، قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان . شۇڭا بۇ ھەقتە كۆپرەك توختىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەسمىز . لېكىن ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىن بەزى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مەسىلەن : ariγ ، yiclliγ ، kun- silig ، korglug ، ay- cacak ، kusamis قاتارلىقلار .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىز پەقەت قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى خالاس . ئەلۋەتتە ، ماتېرىيال مەنبەلىرىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ ، مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارمۇ تەدرىجىي چوڭقۇرلاشقۇسى .

3

كىشى ئىسىملىرى تاشقى پوستىدىن قارىغاندا ئادەتتىكى ھادىسىلەردەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى قويۇق مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى جۇغلىغانلىقىنى بايقايمىز . دەرۋەقە ، قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىگە ئۆزلەشتۈردى . شۇڭا قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى مەدەنىيەت قاتلىمى جەھەتتىن مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىللىقتا ئىگە . ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى شەرھىلەش خېلى زور ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان تېما .

قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ھايۋانات ناملىرى بىلەن باغلانغان ئىسىملار تەشكىل قىلىدۇ . بۇنداق بولۇشى قوچو

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق ئەگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . يەنە بىر تەرەپتىن ھايۋانات ناملىرى بىلەن باغلانغان كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ، bars ، bori ، sungrir ، arslan ، buqa ، tuɣrul قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ ناملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، يۇقىرىقى بىرتۇتاش ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە توتېم ھايۋان ھېسابلاپ چوقۇنغان ۋە ئۇلۇغلىغان ھايۋانلاردۇر . چۈنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى ، نورغۇن مىللەتلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى ۋە تۇرلۇك لەقەملىرى مەلۇم جەھەتتە قەدىمكى توتېم ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن . خې شىڭلياڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە : «جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقلەرىنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىنىڭ كۆپىنچەسى توتېم ناملىرىدۇر ياكى توتېم ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن » [2] دەپ كۆرسىتەدۇ . فرانسىيە ئېتنوگرافىيە ئالىمى لېۋى- ستراۋسمۇ : «نورغۇن كىشى ئەسىملىرى توتېم ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك » [3] دەيدۇ . دېمەك ، قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى خېلى كۆپ قىسىم كىشى ئىسىملىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى توتېم ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان .

ئۇندىن باشقا ، قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە يەنە temur نامى بىلەن باغلانغان ئىسىملارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، تۆمۈر تاۋلاش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ . گاباﺋىن خانىممۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «temur » سۆزى بىلەن ياسالغان خاس ئىسىملارنى قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىلا ياخشى كۆرۈپ قالماستىن ، بەلكى يەنە ئاۋام خەلقمۇ كەڭ قوللانغان . بۇ بىزگە 500 يىل ئىلگىرى ئالاھىدە بىر خىل تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تۈركلەرنى رورەنلەرنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن ئەركىنلىككە ئېلىپ چىققانلىقىدەك تارىخىي ۋەقەنى ئەسلىتىدۇ »[4] . تۆمۈر نامى بىلەن باغلانغان كىشى ئىسىملىرى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلماقتا .

(قارا ) ، (ئاق ) ، (كۆك ) قاتارلىق رەڭ ناملىرى بىلەن باغلانغان كىشى ئەسىملىرىمۇ شۇ دەۋر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . رەڭ مۇقەددەسلىكى ئېتىقادى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە (ئاق ) ، (قارا ) ، (كۆك ) قاتارلىق رەڭ ناملىرىنى قوشۇپ ئاتىغان . بۇنداق ئەھۋال كىشى ئەسىملىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ .

ئۇنىڭدىن سىرت ، يەر - جاي ناملىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، قاراخانىلار ، قاراقۇرۇم ، قارا تال ، قاراسۇ ، قارادېڭىز ، قارا قىرغىز ، كۆك تۈرك ، كۆك ئارت ، كۆكتوقاي ، ئاقتاش ، ئاقشەھەر ، ئاق دېڭىز قاتارلىقلار .

قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ، خەنزۇچە ، سانسكىرىتچە ئىسىملارمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئەگىلەيدۇ . بۇنداق بولۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى

دىنىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان. گابائىن خانىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈنكى ياۋروپادا ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىسى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن: سەلما دېگەن بۇ ئىسىم ئەرەبچىدىن كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئاياللارنىڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئىسمىغا ئايلانغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە ئۇچرايدىغان خەنزۇچە ئىسىملار ھەرگىزمۇ خەنزۇلارنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر خىل كەڭ تارقالغان ئادەت ياكى شەخسىي خاھىش تۈپەيلىدىن تاللىۋېلىنغان...» ⑤

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى كۆپ خىل، مەدەنىيەت قاتلىمى چوڭقۇر بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىغا بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلدى. ئىسلامىيەت ئېتىقادى ئەڭ كېيىن ئومۇملاشقان قۇمۇل رايونىدا، قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە قوللانغان بىر قىسىم ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار، مەسىلەن: ئاق ئايلا، ئاقبەگ، ئاقتوقاش، ئايتۆرۈك، ئايخان، تاشتۆمۈر، تەكەخان، توختاشخان، تۇران، تۇرخان، تۇراخان، تۆلەن، چىنتاشخان، قاراكۆز، قاراقاش، مەڭلىك قاتارلىق ⑥ ئىسىملار ھازىرغىچە ئىزچىل قوللىنىپ كەلمەكتە.

**ئىزاھاتلار**

① ئا.ۋ.گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى»، 48 ـ بەت، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى باستۇرغان، (خەنزۇچە) 1989 ـ يىل (ئىچكى) نەشرى.

② خې شىڭلياڭ: «جۇڭگو توتېم مەدەنىيىتى»، 100 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى.

③ لېۋى ـ ستراۋس (فرانسىيە): «ياۋايىلار تەپەككۇرى»، 197 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

④ ئا.ۋ.گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى»، 49 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 44 ـ بەت.

⑥ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى»، 234 ـ، 235 ـ بەت، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىقى توغرىسىدا

گۈلنار ئىسمايىل

كالىندارچىلىق (تەقۋىمچىلىق) مەيلى قايسى دەۋر ۋە قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدا بولسۇن شۇ دەۋر ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق خاسلىقى سۈپىتىدە ياراتقان ئۆزگىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم گەۋدىسى بولۇشى بىلەن بىرگە، تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، فولكلور ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا كالىندارچىلىق ئەينى دەۋر مىللەتلىرىنىڭ بىر بۈيۈك ئىختىراسى سۈپىتىدە ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئۆزگىچە ئورۇنغا ئىگە بولغان كالىندارچىلىقمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە خاراكتېرغا ئىگە.

ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى كالىندارچىلىق ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىنىڭ بىر بۆلۈك تەتقىقات تۈرى سۈپىتىدە تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ئانچە جەلىپ قىلىپ كېتەلمىدى. تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تارىخىي ماتېرىيال، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى دەۋر، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردىن تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگىچە بولغان كالىندارچىلىق دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە تۈرك خاقانلىقىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئىككىنچى دەۋر، تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخىي دەۋردىكى كالىندارچىلىق؛ ئۈچىنچى دەۋر، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كالىندارچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى كالىندارچىلىق مەدەنىيەت تارىخى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بىرىنچى دەۋر، يىراق قەدىمكى دەۋردىن تۈرك خاقانلىقى دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى كالىندارچىلىق، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىق مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىيال ۋە ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەردە قالدۇرۇلغان مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. گەرچە ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا 12 مۈچەللىك كالىندارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىلا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلارنى تۈركلەر ۋە ئۇي-

غۇرلارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ئەكس
ئەتتۇرگەن قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىـ
قىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىنلا بىلەلەيمىز . قەـ
دىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۈچەللىك كالىنـ
دارچىلىقى ئاساسلىقى ئالتاي مەدەنىيەت
چەمبىرىكىدىكى بوز ـ قىر مىللەتلىرىنىڭ
مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ جۇغلانمىسى
بولۇپ ، ئەينى دەۋردە كۆچمەن چارۋىچىـ
لىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ مادـ
دى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئۆز ئەۋزەللىكى
بىلەن ئورتاق ئىختىرا قىلىش ۋە قوبۇل
قىلىش ۋاستىسى بىلەن بۇنىڭدىن 5000 ـ
3000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە باشقا
تۈركى قوۋملەرگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ
چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادەتىگە ئايلانـ
دۇرغانىدى[1] . ھالبۇكى ، ئۇيغۇر مەـ
دەنىيەت تارىخىدىكى بۇ بوشلۇق پەقەت
تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بىر قەدەر
تولۇقلاندى ۋە ئۆزگىچە يول بىلەن تەرەقـ
قىي قىلدى . بۇ ھەقتىكى پاكىتلارنى پەـ
قەت قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى
ئوخشاشمىغان مەڭگۈ تاشلاردىكى مەزمۇنـ
لاردىنلا كۆرۈشكە بولىدۇ . فرانسىيىلىك
تۈركشۇناس لوئىس بازىن ئەپەندىنىڭ تەتـ
قىقاتىغا قارىغاندا ، تۈرك خاقانلىقى دەۋرـ
دىكى كالىندارچىلىق «تەبىئەت ئىلاھىيەتـ
چىلىكى» نى ئاساسىي مەنبە قىلغان بوـ
لۇپ ، قەدىمكى ئاي ، كۈنلەرنى ھېسابلاش
كالىندارىدىن ئىبارەت ئىدى[2] . ئۇندىن
باشقا ، قەدىمكى تۈركىي قوۋملەردىكى
ئاي ، كۈن ۋە پەسىللەر ھەققىدىكى دەسلەپـ
كى چۈشەنچىلىرى ھەم يىل ھېسابلىرى
«ياش» ئوقۇمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلۈـ
شى قاتارلىقلار ئۇيغۇر كالىندارچىلىقىنىڭ
تەرەققىياتىنىڭ ئۇلى ئىدى . مەسىلەن ،
شۇ دەۋردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق
تۈركىي قوۋملەرنىڭ تۆت پەسىل چۈشەنـ
چىسى ئارقىلىق يىلنى ئوخشاشمىغان تۆت
پەسىل دەۋرىگە ، يەنى ياز (باھار) ، ياي
(ياز) ، كۈز ، قىشتىن ئىبارەت تۆت دەۋرـ
گە بۆلۈشى قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارـ
نىڭ تۆت پەسىللىك چۈشەنچىسى ئارقىلىق
كالىندار تۈرغۇزغانلىقىنى بىلگىلى بولىـ
دۇ .

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۈچەللىك كاـ
لىندار ئىشلەتكەنلىكىگە ئائىت بىرىنچى
قول ماتېرىياللار ئاساسلىقى قەدىمكى
تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئەڭ بۇـ
رۇنقى تۈركلەرنىڭ مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىرى
بولغان «بۆگۈ مەڭگۈ تېشى» دىكى مۈچەلـ
لىك كالىندارنىڭ ئىزنالىرى خېلى ئوبدانـ
لا تامغا باسقان . ئۇنىڭدا توشقان يىلى
(مىلادى 571 ـ يىلى) مۈچەل كالىندارى
بويىچە كۆرسىتىلگەن[3] . قەدىمكى ئۇيغۇرـ
لاردىكى «تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى»نى ئاـ
ساسىي گەۋدە قىلغان كالىندارچىلىق ئوتـ
تۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ كالىندارچىلىق ئاـ
ساسلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ ،
ئۇندىن باشقا يەنە قەدىمكى بابىلون ، ھىبـ
راي ، يۇنان ۋە قەدىمكى رىملىقلارنىڭ كاـ
لىندارىغا ئوخشايدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە
ھەر يىلدىكى قۇياش ھەپتىلىكى ۋە ھەر
ئايدىكى ئاي ھەپتىلىكى بىر گەۋدە قىلىـ
نىپ تۈرغۇزۇلغان ، ئەمما ئۇلاردىكى پەرق
شۇ يەردىكى ، تۈركىي قوۋملەردە قۇياش
ھەپتىلىكىنى ئورۇنلىشتۇرغاندا ، ئاسمان
جىسىملىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ھېسابلاشنى
ئاساس قىلغان[1] .

خۇددى لوئىس بازىن ئەپەندى ئېيتقانـ
دەك ، قەدىمكى تۈركىي قوۋملەردىكى كاـ
لىندارچىلىقنىڭ «تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىـ
كى»بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشمۇ ، ئەـ
مەلىيەتتە قەدىمكى تۈركىي مۇنەججىملىرـ

نىڭ ئاسترونومىيىلىك تەھلىلىدىن يىراقلاشمىغان بولۇپ، ئۇلار ئاسمان جىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىنى ھېسابلىغان. بۇ جەرياندا ئاي ۋە قۇياشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ئارقىلىق كالېندارچىلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي بىخلىرىنى نامايان قىلغان ھەمدە ئاينىڭ قوزغىلىش ھەرىكىتىگە ئاساسەن، بىر يىلدىكى ئايلارنىڭ ئورنىنى بېكىتكەن، ئاينىڭ تولغۇپ تولۇق بولۇشى ۋە يەنە كامىيىشىغا قاراپ بىر ئاينى ئىككى مەۋسۇم (مەزگىل) گە، تۆت تەرەپنى بەلگىلەشتە قۇياشنىڭ ئورنىغا قاراپ، كۈنچىقىش، كۈنپېتىش، ئوڭ تەرەپ، سول تەرەپ قاتارلىقلارغا ئايرىغان⑤. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ تەرەپلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يىردانتايان» (سول تەرەپ، يەنى شىمال تەرەپ)، «بەرىيەندەن» (ئوڭ تەرەپ، يەنى جەنۇب تەرەپ)، ئۆڭدەنيەن (ئالدى تەرەپ، يەنى شەرق تەرەپ)، قۇرۇ ياندان (ئارقا تەرەپ، يەنى غەرب تەرەپ) دەپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئاتالدى⑥.

ئىككىنچى دەۋر، تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر كالېندارچىلىقى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كالېندارچىلىق مەدەنىيىتى ئالدىنقى دەۋرگە قارىغاندا، بىرقەدەر تەرەققىي قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ كالېندارچىلىق مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىڭىپ كىردى ۋە ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىنى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كالېندار 12 مۈچەلنى دەۋر قىلغان ھالدا بېكىتىلىپ، ھەربىر مۈچەلنىڭ ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەرتىپى كۈسكۈ (چاشقان) يىلى، ئۇي (كالا) يىلى، بارس (يولۋاس) يىلى، تاۋشقان (توشقان) يىلى، لەھەڭ (تىمساق) يىلى، يىلان يىلى، يونت (ئات) يىلى، قوي يىلى، بېچىن (پىچىن ـ مايمۇن) يىلى، تاقىغۇ (توخۇ يىلى)، ئىت يىلى، تۇڭگۇز (لاغزىن) يىلى بويىچە ئۆز رېتى بىلەن دەۋر قىلىندى. شۇڭا، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» ۋە تېرخىن مەڭگۈ تېشى» لىرىدا ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىنىڭ مەزمۇنلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مەسىلەن، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا قوي يىلى (743 ـ يىل، تاقىغۇ يىلى (745- يىلى)، تۇڭگۇز يىلى (747- يىلى)، بارس يىلى (750 ـ يىلى)، تاۋشقان يىلى (751 ـ يىلى، قوي يىلى (755 ـ يىل) ۋە تاقىغۇ يىلى (757 ـ يىل) دىن ئىبارەت يەتتە يىل خاتىرىلەنگەن⑦. مەھمۇد كاشغەرى مۇشۇ دەۋردىكى تۈركلەردىكى كالېندارچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت مۇنداق بىر رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن:

«. . . تۈركلەر 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ 12 يىلغا ئات قويغان. ئۇلار باللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ھېسابلايدۇ، بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئاشۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر

بىر يىلغا ئات قويايلى . بىزدىن كېيىن
يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بى-
لەن ھېسابلانسۇن . بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ
بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن ، خەلق خا-
قانىنىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن»
دەپ ماقۇللىغان .

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئۇۋغا
چىققان ۋە ھەممە ھايۋانلارنى ئىلى دەريا-
سىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرىغان بۇ ناھايىتى
چوڭ بىر دەريا بولۇپ ، خەلق بۇ ھايۋانلار-
نى ئوۋلاپ يۈرۈپ ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ
قايساپ ھەيدىگەن ، بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆز-
لىرىنى سۇغا ئاتقان ، ئۇلاردىن 12 خىلى
سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن . ئەنە شۇ 12 ھايۋا-
نىڭ ئىسمى 12 خىل ئات قىلىپ قويۇل-
غان . سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن .
شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامىدا باشلىنىپ
چاشقان يىلى دېيىلگەن . . . . »[8] .

يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا ، قەدىمكى
ئۇيغۇرلاردىكى 12 مۆچەللىك يىل ئايرىمى-
سى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە شىمالىي
چۆللۈكنىڭ بوز - قىرلىرىنى ئوڭتەي -
توڭتەي قىلغان ھونلار ، دىلار ، غۇزلار قا-
تارلىق مىللەتلەردىكى ئەنئەنىۋى كالىندار-
چىلىق قارىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى-
نىڭ كالىندارچىلىقىغىمۇ ئوخشاشمىغان
دەرىجە تەسىر كۆرسەتكەن[9] . تۈرك خانلى-
قى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورقۇن ئۇيغۇر
دەۋرىگە كەلگەندە ، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى
كالىندارچىلىق مەدەنىيىتى يەنە بىر قەدەم
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى ۋە
بېيىدى . سوغدىلار ئىشلەتكەن كالىندارمۇ
تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
مۇھىم رول ئوينىدى ، ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئا-
ساسلىقى سوغدى تىل - يېزىقىنىڭ كۆنسا-
يىن تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ھاكىمىيەت تەشكىلىدە مۇھىم ئورۇنغا ئۆ-
تىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى .
ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلا-
ردىكى 12 مۆچەللىك كالىندار ئورقۇن
ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ
دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئە-
گىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
كالىندارچىلىقىدا تۈركلىشىش دەۋرى
كېلىپ چىقتى[10] . بۇ دەۋردىكى قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىقى ھەققىدىكى
ئاساسلىق مەنبەلەرنى يەنىلا قەدىمكى ئۇي-
غۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن ئورقۇن مەڭگۈ
تاشلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن كۆرگىلى بولى-
دۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە كلېمېنتس
1893- يىلى ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ
قىرغىقى (غەربىي قىسمى ) دىن
تاپقان «قويىتۇ - تامىر» (Khoytu
- tamir ) مەڭگۈ تاش پۈتۈكى بىلەن 1957
- ۋە 1976 - يىللاردا قېزىۋېلىنغان «شى-
نې ئۇسۇ» (Sine-usu ) مەڭگۈ تېشى ناھا-
يىتى يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە
ئىگە .

ئۈچىنچى دەۋر ، ئورقۇن ئۇيغۇر خان-
لىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن قوچو ئۇيغۇر خان-
لىقىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان دەۋردىكى
ئۇيغۇر كالىندارچىلىق مەدەنىيىتى . بۇ
دەۋردىكى ئۇيغۇر كالىندارچىلىقى يۈكسەك
پەللە ياراتتى ۋە ئوخشاش بولمىغان كالىن-
دار شەكىللىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگى-
مۇ ئۇچرىدى .

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى
840 - يىلىغا كەلگەندە ئوخشاشمىغان سە-
ۋەبلەر تۈپەيلىدىن زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ،
شىنجاڭ ۋە باشقا جايلارغا چېچىلىپ كەت-
تى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇرپان رايونىغا
كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردىكى ئەسلى قېرىن-
داشلىرى بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە يەنە بىر
سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە

چىقىپ قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى . قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇزلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى مانى مەدەنىيىتى ھاياتىدىن بىرلا سەكرەپ بۇددا مەدەنىيىتى ھاياتىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىق مەدەنىيىتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى . مانا بۇ دەۋر ئۇيغۇر كالىندارچىلىقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلدى .

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كالىندارنىڭ فراگمېنتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلار ھەپتىلىك كالىندار ئىشلەتكەن [11] . بۇ كالىندارغا كۈنلەرنىڭ نامى سوغدىچە ، خەنزۇچە ، تۈركچە (ئۇيغۇر تىلى ) ئۈچ خىل يېزىلغان بولۇپ ، 7 كۈننىڭ نامى سوغدىچە يېزىلغان ، خەنزۇچە يېزىقتىكى كالىندار مۆچەل ۋە بۇرج بەلگىسى بويىچە ، تۈرك تىلىدىكى 12 يىل (مۆچەل ) نامى ، يېزىلغان [12] . ئۇندىن باشقا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھەپتىلىك كالىنداردىكى كۈنلەرنىڭ ھەممىسى پەللىيۇتىنىڭ ئىزاھلىشىچە ، سوغدى تىلى ۋە سوغدىچە ناملار ئىكەن . مەسىلەن ، بۇ ھەپتە كالىندارىدىكى يەتتە كۈننىڭ سوغدىچە ناملىرى «Mir» ، «Maq» ، «Wnqan» ، «Tir» ، «Wrmzf» ، «Naqit» ، «Kewan» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان [13] . قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋر (866 ـ1370 )دە يەنە ھىندى كالىندارى ، سوغدى كالىندارى ، (ئىران كالىندارى ) ، خەنزۇ كالىندارى ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئەرەب شەمسىيە كالىندارى بىلەن ئەرەب قەمەرىيە كالىندارىنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم . بۇلارنىڭ ئىچىدە ، يىللارنى ھېسابلىغاندا ، بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كالىندارى ، ئايلارنى ھېسابلىغاندا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كالىندارى بىلەن ھىندى شەمسىيە كالىندارى ، كۈنلەرنى ھېسابلىغاندا ئاساسەن ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كالىندارى بىلەن سوغدى ۋە خەنزۇ كالىندارى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن [14] .

1904 ـ يىلى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىن تاپقان قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالىندارى ھەققىدە ياپونيە ئالىمى خانېدا تورو ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : «كالىندار سوغدى تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا كۈنلەر بىرلا ۋاقىتتا سوغدىچە ، خەنزۇچە ، تۈركچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل نام بىلەن خاتىرىلەنگەن ، يەنى ئاۋۋال سوغدى تىلى بىلەن يەتتە كۈننىڭ ناملىرى خاتىرىلەنگەن ، ئاندىن شۇنىڭغا ماس ھالدا خەنزۇچە دەۋر بەلگىسى 甲 ، 己 ، 丙 ، 丁 قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر كۈنلەرنى خاتىرىلەشتە قوللىنىدىغان چاشقان ، كالا ، يولۋاس ، توشقان قاتارلىق 12 مۆچەل خاتىرىلەنگەن ، ئۇنىڭ تۆپىسىگە يەنە جۇڭگوچە بەش ئاناسىر يەنى «دەرەخ ، ئوت ، تۇپراق ، تۆمۈر ، سۇ سوغدىچە تەرجىمە قىلىنىپ ، كۆن ئايلار قىزىل خەت بىلەن خاتىرىلەنگەن» [15] . قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارى يىللارنى 12 مۆچەلگە ئايرىپ ئۇلارنىڭ نامىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ناملار بىلەن ئاتىغان ھەم ھەربىر مۆچەلگە بەش ئاناسىرنى ھەرقايسى مۆچەل ناملىرىنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان ، ئۇندىن باشقا ، قوچو ئۇيغۇرلىرى كالىندارىدا بىر يىلدىكى 12 ئاينىڭ نامىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى

سىپىرلارنىڭ ئاتىلىش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئاتىغان .

قىسقىسى ، ئۇيغۇرلاردىكى كالىندارچىلىق مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ ۋە تاكامۇللىشىپ كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ئاملى بولۇپ ، پەقەت قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرلىرىگە كەلگەندىلا ، ئاندىن ھەرخىل كالىندارچىلىق مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ، مەنىۋى ھاياتىغا سىڭدۈرگەن .

ئىزاھات :


⑦ ① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1996 ـ يىل 4 ـ سان ، 111 ـ بەت .

② لـوئـىـس بـازىـن : «تـۈركـلـەرنىڭ كـالـىـندارچىلىق تەتقىقاتى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1998 ـ يىل ، (خەنزۇچە نەشرى) ، 158 ـ بەت .

③④ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ، 159 ـ بەت .

⑤ ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل ، نەشرى ، 328 ـ 329 ـ بەتلەر .

⑥ بۇ ھەقتىكى ئاتىلىشلارنى تۇرك رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار (يەنى ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل ، نەشرىدىكى «مەڭگۈ تاش» تېكىستلىرىگە قاراڭ) .

⑧ مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركى تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى ، 449 ، 450 ـ بەتلەرگە قاراڭ .

⑩ ⑨ لوئىس بازىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى ، 170 ـ 171 ـ ، 280 ـ بەتلەر .

⑪ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل نەشرى ، 242 ـ بەت .

⑫ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل نەشرى ، 151ـ بەت .

⑬ فېڭ چېنجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» (8 ـ توپلام) ، شاڭۋۇ كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1962 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى (1995 ـ يىل 2 ـ قېتىم بېسىلىشى) ، 54 ـ 55 ـ بەتلەر (2 ـ جىلد) .

⑭ ئەنۋەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل نەشرى ، 635 ـ بەت .

⑮ خانېدا تورو «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل نەشرى ، 164 ـ بەتكە قاراڭ .


(ئاپتورنىڭ ئادرېسى : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى : ئا . خوجا

# گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە يىپەك يولى

ئەركىن ئەرشىدىن

«يېڭى تاڭنامە ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە مىلادى 840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن «باش بۇيرۇق (باش ۋەزىر) سانچىق ۋە پان تېكىن باشلىغان 15 قەبىلە قارلۇق رايونىغا، يەنە بىر تارمىقى تۇبۇتلەر رايونىغا، يەنە بىر تارمىقى ئەنشى رايونىغا، كۆچۈپ كەلدى» دەپ يېزىلغان. يەنە باشقا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا تۇبۇتلەر شەرقتە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى بولۇپمۇ گەنجۇ رايونلىرى (ھازىرقى جاڭيې شەھرى ئەتراپى) قاتارلىق جايلارغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. دېمەك ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى ئەنە شۇ تۇبۇتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ رايونلارنىڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا گەنجۇ رايونى بىرقانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت ئورنى ياكى ئۇلار ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان جاي بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە تۇنجى قېتىم تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان ۋۇجى ياكى خۇجىس دېگەن قەبىلىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى دەل شۇ گەنجۇ رايونىغىمۇ يەتكەن ئىدى. كېيىنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولەس (قاڭقى) قەبىلە ئىتتىپاقى بۇ رايوندا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە بەزى سىياسىي ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

ئومۇمەن گەنجۇ رايونى قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ ئاساسىي ئۆتكىلى بولغاچلىقى ئۈچۈن بۇ رايوننىڭ ئەتراپىدا كۆچۈپ يۈرگەن تۈركىي قەبىلىلەر ھامان بۇ رايوننى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلغان. شۇنداقلا بۇ رايوننى ئۆز قولىدا تۇتقان ھەرقانداق قەبىلە ياكى مىللەت ئۆز تەسىرىنى تەرەپ - تەرەپكە يەتكۈزگەن.

«مىلادى 679 - يىلى، بۇرۇنقى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان قۇتلۇق ئېلتەرىش خاقان ئۆتۈكەن تاغلىرىدا كېيىنكى تۈرك خاقانلىقىنى تىكلەپ، ئالدى بىلەن بۇ جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى توغلا دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىغا قىستاپ ئاپاردى. مىلادى 691 - يىلى ئۇنىڭ ۋارىسى مويۇنچۇر قاغان زور قوشۇن بىلەن توغلا دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋادىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئانا ماكانلىرىدىن بىرى بولغان گەنجۇ ۋە لياڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ۋىلايىتى) ئەتراپىغا مەڭگۈلۈك ئورۇنلىشىپ قالدى. شۇڭا تارىختا بۇ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى»[1] دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. لېكىن مىلادى 696 - يىلى تۇبۇتلەر گەنجۇ ۋە لياڭجۇ رايونلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ بۇ جايدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا قەبىلىلەرنى

بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. مىلادى 745 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەر ئارىسىدا نۇرغۇن جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ھازىرقى بوغدا تېغىنىڭ ئەتراپىدا تۇبۇت قوشۇنىنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزالمىدى. ئەكسىچە گەنجۇ رايونى ئۇزاق مۇددەت تاڭ سۇلالىسى، تۇبۇت ۋە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى.

مىلادى 840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئورقۇن سېلىنگا دەريا ۋادىسىدىكى بىرمۇنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ گەنجۇدىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار دەسلەپتە تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەممە جەھەتتىن تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ، گەنجۇ رايونىنى ئاساس قىلغان كەڭ دائىرىدە زور كۈچكە ئايلىنىشقا باشلىدى. مىلادى 846 - يىلى جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئۇگە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن گوبى چۆللىكىنىڭ ئەتراپى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تارقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى گەنجۇ رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇگە قاغانغا ئەگەشكەن ئۇيغۇرلار گەنجۇ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كۆپەيدى.

مىلادى 850 - يىلى شاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭخۇاڭ ئەتراپى) رايونىنىڭ باش ئەمەلدارى جاڭ يىچاۋ بۇ جايدا ياشايدىغان خەنزۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇبۇتلەرنى گەنجۇ، شاجۇ، لياڭجۇ رايونلىرىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جايغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى[2] بۇ ھال گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ياراتتى. شۇ يىلى باش بۇيرۇق سانچىق بىلەن بىرگە 15 قەبىلىسىنى باشلاپ قارلۇق رايونىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى پان تېكىن كۇچا ۋە تۇرپان ئارقىلىق گەنجۇ رايونىغا كېلىپ يېڭى ئۇيغۇر خانلىقى تىكلىدى. بۇ خانلىق تارىختا «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. خانلىقنىڭ پايتەختى گەنجۇ (جاڭيې) شەھىرى ئىدى[3].

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنچىۋالا كەڭ زېمىنلارنى ئاسانلا تىزگىنلىۋېلىشى ۋە بۇ زېمىنلاردا يېڭى دۆلەتلەرنى تەشكىللىۋېلىش ئەھۋاللىرىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرىنچى، تۇبۇتلەرنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى. ئىككىنچى، بۇ يەردە قېرىنداش ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدۇر[4].

مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى بىر مەزگىل ئۆز ئىلكىگە ئالغان ئىدى، غەربتە قۇمۇلنىڭ شەرقىي، شىمالىدا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي (ئىجىنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى) ۋە خېلەنشەن تاغلىرى، جەنۇبتا چىلەنشەن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.[5]

مىلادى 905 - يىلى جاڭ يىچاۋنىڭ نەۋرىسى جاڭ فىڭچىڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆزى «ئالتۇن تاغ خانلىقى»نى تىكلەپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇرۇشتى، لېكىن تەڭرى قاغان ناملىق

بىر قاغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالتۇن تاغ خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، خانلىقنىڭ پايتەختى ـ شاجۇنى قورشىۋالىدۇ. جاڭ فىڭچىڭ نائىلاج سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانىنى «ئاتا قاغان» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى شەرقتە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناھىيەسى) دىن تارتىپ غەربتە يۈمىن، ئەنشىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ رايونلارنى تىزگىنلەپ، ئۇزاق يىللارغىچە بۇ رايونلارنى گۈللەندۈردى[6]. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا قاغان دەپ ئاتىلاتتى. قاغانىنىڭ قول ئاستىدا ئىككى يۈرۈش مەنسەپ سىستېمىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەسىس قىلغان «تېكىن»، «بۇيرۇق»، «ساۋىن» قاتارلىق مەنسەپلەر ئىدى. «تېكىن» ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە بېرىلىدىغان پەخرى ئۇنۋان ئىدى. «بۇيرۇق» تۈرلۈك جىدەل ـ ماجىرالارنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل ئەدلىيە ئەمەلدارى ئىدى. «تۇتۇق» ۋىلايەت ۋالىيلىرى بىلەن تەڭ ئىدى. «ساۋىن» بىر خىل ھەربىي مەنسەپ[7]. يەنە بىر مەنسەپ سىستېمىسى بولسا، ئوتتۇرا ئىچكىرى رايوندىكى سۇلالىلەردىن ئۇدۇم بولغان «ۋەزىر» باش دىۋان (باش مۇنشى)» قاتارلىق ئەمەل مەنسەپ نامىلىرى[8].

دېمەك گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (847 ـ 1036 ـ يىللىرى) قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە «ئۇلارنىڭ زېمىن دائىرىسى ۋە سىياسىي تەسىرى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي قىسمى (ھازىرقى ئارلاشا ئايمىقى)، ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ خىلەنشەن تاغلىرىنىڭ غەربىي قاتارلىق جايلارغا سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئەڭ شەرقىي چېگراسى خېجۇ ئايمىقى (ھازىرقى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ شەرقى) ئىدى. غەربىي چېگراسى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىدىكى قۇمتاغ چۆللۈكى بولۇپ، قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چېگرىداش ئىدى[9]». ئەسلىدە كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يېرىم چارۋىچىلىق يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇلغان. مىلادى 840 ـ يىلى خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەندە ناھايىتى نۇرغۇن مال ـ مۈلكىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا دەسلەپتە ناھايىتى ئېغىر سەرسانلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئەمگىكى ۋە يەرلىك قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ناھايىتى تېزلا كۈچىيىپ، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىمۇ تېز راۋاجلىنىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا بۇ چاغدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن ئارپا ـ بۇغداي، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى. ياغاچ، تۆمۈر ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان ھەرخىل دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتەتتى.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا قوي، ئات، كالا، قوتاز قاتارلىقلار ئاساس قىلىناتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئات ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇ چاغدا ئاتنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئاساسەن بايلىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىپ بەزى ئۇيغۇر

قەبىلە باشلىقلىرى ۋە چوڭ چارۋىدارلار
بىرقانچە 10 مىڭ ئاتقا ئىگە ئىدى . گەنجۇ
ئۇيغۇر خانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە سىيا-
سىي جەھەتتە تىنچلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا
قويدى . ئىقتىسادىي جەھەتتە يېزا ئىگى-
لىك ، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك-
نى تەرەققىي قىلدۇردى . گەنجۇ ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىنى توغرىسىغا كې-
سىپ ئۆتىدىغان مەشھۇر يىپەك يولىدىن
پايدىلىنىپ ، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتى-
كى خاندانلىقلار بىلەن غەربتە ئۆزلىرىنىڭ
قېرىنداشلىرى بولغان قوچو ئۇيغۇر ئېلى
ۋە ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيادىكى ئەللەر بى-
لەن بولغان سودا ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىش-
كە ناھايىتى ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ
بەردى .

شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش
كېرەككى ، ئۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
تىكى بەزى خانلىقلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلى-
قى بىلەن بۇ جايلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە
گۈللەنگەن سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى
كونترول قىلىشى ئۈچۈن ھەرخىل سىيا-
سىي ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ ،
بولۇپمۇ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزى-
نىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان تاڭغۇت
خانلىقى بىلەن يىپەك يولىدىكى پايدا مەنپە-
ئەت توقۇنۇشى كۈنسېرى كەسكىنلىشىدۇ .
تاڭغۇتلار دائىم دېگۈدەك سودا كارۋانلىرى-
نى بۇلاپ ـ تالاپ ، يىپەك يولىدىكى نور-
مال قاتناشقا ئېغىر خەۋپ تۇغدۇرىدۇ . نە-
تىجىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭلا ئەمەس ،
بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ
سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقى-
سى بىر مەزگىل تامامەن ئۈزۈلۈپ قالى-
دۇ . ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقى-
نى قوغداش ، ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولىدى-
كى مەنپەئەتىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرات-
ماسلىق ئۈچۈن ، مىلادى 1008 ـ يىلدىن
1014 ـ يىلغىچە ئارىلىقتا ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ قاغانى يالئۇغ بىرقانچە قوۋم قوشۇن
باشلاپ تاڭغۇتلارنى بۇ جايلاردىن قوغلاپ
چىقىرىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ، شەرق ـ
غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي يىپەك يو-
لىدا يەنە گۈللەنگەن بىر ۋەزىيەت مەيدانغا
كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن سىرت ، يەنە گەنجۇ
ئۇيغۇرلىرى يىپەك يولىنى تېخىمۇ راۋانلا-
شتۇرۇپ شەرق ـ غەرب سودىسىنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن غەربىي لياڭغا بىر
قېتىم ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بېرىپ تاكى
1016ـ يىلىغا كەلگەندە لياڭجۇ ئايمىقىنى
ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىدۇ . تارىخىي خاتىرى-
لەردە خاتىرىلىنىشىچە «داجۇڭ شاڭخۇنىڭ
9 ـ يىلى (مىلادى 1016ـ يىلى ) سوشۇ-
شىن ئۆلۈپ ، كىچىك ئوغلى لوما غەربىي
لياڭنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋېلىپ ، ئەسكەر
باشلاپ قارشى چىقىدۇ . ئۇيغۇر قاغانى
ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىپ قەبىلە
باشلىقلىرىدىن 100 دىن ئارتۇقىنى ئە-
سىرگە ئېلىپ ، ناھايىتى نۇرغۇن قوي ،
يىلقا ، كالا پادىلىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ .
لوما شەھىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ .
شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياڭجۇ ئايمىقى ئۇي-
غۇرلارغا تەۋە بولىدۇ »[10] . گەنجۇ ئۇيغۇر-
لىرى غەربىي لياڭنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن
كېيىن خېشى كارىدورى بىلەن شەرققە ما-
ڭىدىغان كارۋان يولى تولۇق راۋانلىشىدۇ .
بۇ ئەھۋالنى كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ
پادىشاھى شى جۇتاڭ «كۆز يەتكۈسىز تور-
لاردىكى ئىس ـ تۈتەكلەر يوقالغان 10 مىڭ
چاقىرىملىق يوللاردا كارۋانلار ئۈزۈلمەي
خاتىرجەم مېڭىشماقتا » [11] دەپ تەرىپلەش-
كەن ئىدى . بۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يى-
پەك يولىنى راۋاجلاشتۇرۇش ، شەرق ـ
غەرب سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈ-
چۈن ناھايىتىمۇ زور تۆھپە قوشـ-
قانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ
تەرەققىي قىلىشى يىپەك يولىدىكى سودى-

نىڭ ئاۋاتلىشىشى، ئۇيغۇرلارنى سودا - تىجارەت قىلىشقا ماھىر قىلدى. «دەشت - چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» دا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار «كۆپىنچە ھاللاردا يەن بەگلىكىدە سودا قىلاتتى، ئۇلار جاۋاھىرلارنى پەرقلەندۈرۈشكە ناھايىتىمۇ ماھىر ئىدى.» دەپ خاتىرىلەنگەن. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى خېشى رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا يىپەك يولىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار بارمىغان پېرسىيە، ئەرەب، شەرقتە قىتان، شىمالىي سۇڭنىڭ تۆۋەنكى ئاستانىلىرى قالمىدى. ھەتتا بەزى بايىراقلىرى يىراقتا شەندۈڭ، خېبېي قاتارلىق جايلارغىمۇ بارغان ئىدى. «موڭغۇل تاتارلار خاتىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تىئەن فامىلىكلەر سودىغا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، سودىگەرلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ماللار بىلەن شەندۈڭ، خېبېي ئارىلىقىدا قاتناپ تۇراتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. سودىگەر ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك، ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلىرىنى كىيىم - كېچەك، پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، پېرسىيە، ئەرەب ئەللىرىگە ئاپىرىپ ساتسا، غەربتىكى ئەللەردىن قاش تېشى بۇيۇملىرىنى، دورا ماتېرىياللىرىنى، ئات، تۆگە ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پېرسىيەنىڭ پاختىسىنى، خوتەننىڭ شايى ئەتلەسلىرىنى ئىچكىرى جايلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بېرىپ - كېلىش قېتىمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن ماللارنىڭ سانى ۋە تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى.

يىپەك يولىنىڭ راۋاجلىنىشى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ناھايىتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يىپەك يولى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھايات ماماتلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلىدە ئات ۋە تۆگە ناھايىتى كۆپ ئىدى. يىپەك يولىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن كەڭرى كەتكەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدەك ئات تۆگىلىرىنى ئاپىرىپ ساتىدىغان بازارغا ئايلانغان. ئەينى ۋاقىتتا بولۇپمۇ ئات گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى مىلادى 907 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بارلىققا كەلگەن ھەربىر خانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. شۇڭلاشقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئالماشىپ سېتىۋالاتتى. ئەگەر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇلارغا ئات سوۋغا قىلسا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيدا كۆرەتتى ھەم ئۆزلىرىنى پەخىرلىك ھېسابلىشاتتى. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئات سوۋغا قىلىشنى ئارزۇ قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق چېگرا شەھەرلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات سودىگەرلىرىگە ئېچىپ بېرىپ، چوڭ سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى.

«كېيىنكى تاڭ خانلىقى مىلادى 926 - يىلىدىن باشلاپ ئۆز چېگراسىنى گەنجۇ ئۇيغۇر ئات سودىگەرلىرىگە ئاچقان»[10]. كېيىنكى تاڭ خانلىقىنىڭ خانى مىڭ زۇڭ دەۋرىدە (مىلادى 926 - 934 - يىللار) ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇتلاردىن كەلتۈرەتتى. كېيىنكى جىن خانلىقىنىڭ (مىلادى 936 - 946 - يىللار) جاڭيۈەن دېگەن ھەربىي قوماندانىنىڭ قوشۇنلىرىغا كېرەكلىك ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك ئۇيغۇرلار تەمىنلىگەن ئىدى. مىلادى 960 - يىلى مەيدانغا

كەلگەن سۇڭ سۇلالىسىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئات سودىسىنى راۋاجلاندۇرغان ئىدى . «ئات سودىسى بىلەن بىرگە يەنە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قول ـ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىمۇ كۆپلەپ ئاپىرىپ ساتاتتى . مەسىلەن : چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ، كۆرگو (ئەينەك) ، كىگىز ، ئارغامچا ، پاختا توقۇلمىلىرى قاتارلىق بۇيۇملار »⑬ .

بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بولغان خوش پۇراقلىق ماتېرىياللار ۋە كىيىم ـ كېچەك سودىسى بەكمۇ راۋاجلانغان . مەسىلەن : «مىلادى 951ـ يىلى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كېيىنكى جۇ خاندانلىقىغا بىر قېتىمدىلا 399 جىڭ خوش پۇراقلىق ماتېريال ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن 5569 توپ ھەرخىل بۇلغۇن تېرىسى ھەم پاختا ـ رەخت ساتقان »⑭ بۇ چاغدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى سودا بازارلىرىدا شۆھرەت قازانغانىدى .

دېمەك يۇقىرىقى پاكىتلاردىن يىپەك يولىنىڭ راۋاج بولۇشى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ بىرقەدەر تولۇق تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغانلىقىنى بولۇپمۇ غەربتىكى ئەللەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى ، ھەر مىللەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش كېلىشلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز . مانا بۇلار شەك شۈبھىسىزكى ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىپەك يولىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە جانلاندۇرۇشتىكى ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىسىدۇر .

ئىزاھاتلار :

① ئەنۋەر بايتۇر : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل 11ـ ئاي نەشرى ، 572 ـ 573ـ بەت ) .
② «كونا تاڭنامە» 18 ـ جىلد «پادشاھ ۋۇزۇڭنىڭ نەسەپنامىسى» .
③ ئەنۋەر بايتۇر : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ، 574 ـ 575 ـ بەت .
④ ۋ ،ئا ، يوگوسلوۋسكىي : «تىبەت خەلقىنىڭ تارىخى» 69 ـ بەت . مۇسكۋا 1962 ـ يىلى .
⑤ ۋاڭ جوڭمىڭ «ئالتۇنتاغ پادشاھلىقىغا ئائىت ئىشلار» .
⑥ «سۇڭ سۇلالىسى تارىختىن مەجمۇئەر جۇغراپىيىسى» .
⑦ شاۋان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى» .
⑧ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» .
⑨ ئەنۋەر بايتۇر : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» 578 ـ بەت .
⑩ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» نىڭ قوشۇمچە 88 ـ جىلد .
⑪ «كونا بەش دەۋر تارىخى» ، 138 ـ جىلد . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى .
⑫ «بەش دەۋردىكى ئاساسىي ۋەقەلەر توپلىمى» 12 ـ جىلد .
⑬ «سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساسىي ۋەقەلەر توپلىمى ، بېقىندىلار» .
⑭ «كىتابلار جەۋھىرى» 972 ـ جىلد .

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)

تەھرىرلىگۈچى : ئا .خوجا

# ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم هارىقىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىشى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر

جاڭ يۇجۇڭ

ئۈزۈم —— ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى ، كىچىك ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان كىشىلەر ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرگەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى . ئۈزۈمنىڭ كەڭ كۆلەمدە تىكىلىشىگە ئەگىشىپ ، ئۈزۈمدىن مەيزاب (هازىرقى هاراق تەرجىماندىن ) ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ شۇ يەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئىگىلەنگەن . ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە شىنجاڭ ئارقىلىق كىرگەنلىكى ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا ناهايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن . قەدىمكى غەرب ئەمگەكچى خەلقى ئۆز ئەقىل - پاراسىتى بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ئۈزۈم ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئېلىمىزگە كىرىشى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا ناهايىتى مۇهىم سەهىپىنى ئىگىلەيدۇ .

## I ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلىگەن رايون

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار قەدىمكى مىسىرنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلىگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . قەدىمكى مىسىر ئاسىيا ، ئافرىقا قىتئەسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇرغاق بەلباغدا بولۇپ ، يىللىق هۆل - يېغىن مىقدارى ناهايىتى ئاز ، كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق رايوندۇر . ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان رايون پەقەت نىل دەرياسى بويى ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونىدىن ئىبارەت . نىل دەرياسىنىڭ سۈيى هەر يىلى قەرەللىك تېشىپ تۇرغاچقا ، تار - ئۇزۇنچاق دەريا ۋادىسى رايونلىرىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت ، سۇغىرىشقا ئەپلىك بولغان ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئىنتايىن ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەن . شۇنداقلا كىلىماتى قۇرغاق بۇ رايونلارنى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا ۋە قەدىمكى زاماندىكى مەشهۇر ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندۇرغان .

قەدىمكى مىسىرنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سۇلالىسىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن «خان جەمەتى ئۈزۈمزارلىقى» دېگەن تامغا ۋە بېجىرىم ياكى سۇنۇق شاراب قاچىلىرى نۇرغۇن تېپىلدى (بەزى شاراب قاچىلىرىغا چاپلانغان لاي پۆگەتلەردىكى تامغىلارغا خان جەمەتى ئۈزۈمزارلىقىنىڭ نامى ۋە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ناملىرى چۈشۈرۈلگەن ) . بۇ قەدىمكى مىسىرنىڭ مىلادىدىن 2700 - 3000 يىل بۇرۇنقى مەزگىللەردىلا ئۈزۈم ئۆستۈرگەنلىكى هەم ئۈزۈم مەيزابى ئىستېمال قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

مىسىر دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى «مېيتېڭنىڭ تەرجىمىهالى» (مىلادىدىن 27 ئەسىر بۇرۇنقى ) دا خانلىقتا مېيتېڭ دەپ ئاتىلىدىغان

بىر ئەمەلدار بارلىقى ، ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئۆيلىرىنىڭ ئاتراپىغا پۈتۈنلەي ئەنجۈر ۋە ئۈزۈم تىكىلگەنلىكى ، ئۇندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئۈزۈملۈك بېغى بارلىقى ؛ ئۇ يەردە زور مىقداردا ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن .

قەدىمكى مىسىرنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كۆچۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان «ھالىس» ناملىق قولىيازمىسىدا يېڭى خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 11 ـ ئەسىرگىچە ) دىكى بىر خاننىڭ ئامىن ئىلاھى ئىبادەتخانىسىغا بەرگەن ئىنئاملىرى ، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان نەچچە يۈزمىڭ ئۈزۈملۈك باغ بارلىقى خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭدىن قەدىمكى مىسىرنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر تەرەققىي تاپقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ .

قەدىمكى ئىككى دەريا ۋادىسى (ھازىرقى ئىراق بىلەن سۈرىيىنىڭ شەرقىي قوشنىسى فىنىكىيە ) ، ھازىرقى سۈرىيە بىلەن لىۋاننىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى جايلارنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ، ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا ئىككى دەريا ۋادىلىرىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ناھايىتى ئومۇملاشقان . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا فىنىكىيىدە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئەلا سۈپەتلىك ئۈزۈم مەيزابى فىنىكىيىنىڭ سودا ئالاقىسىدا زور رول ئوينىغان . تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئۈزۈم مەيزابى ۋىنو (BNHO ) ئاتالغۇسى فىنىكچە يايىن ( пайн ) دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن .

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى «خېتتايىت قانۇنى» دا ئۈزۈمچىلىككە مۇناسىۋەتلىك 10 نەچچە ماددا بار بولۇپ ، تەك شۆڭلىرىنى ئوغرىلىغانلار ، ئۈزۈملۈك باغنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلەر قانداق جازالىنىدىغانلىقى ، قويلىرى قوشنىلارنىڭ ئۈزۈمزارلىقىغا كىرىپ كېتىپ ، پىشقان ياكى ھوسۇل بېرىۋاتقان ئۈزۈمزارلىقنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانلار قانداق جازالىنىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يۇقىرىدىكى قىلمىشلارغا ئائىت بەلگىلىمىلەر قانۇندا ناھايىتى ئېنىق بېكىتىلگەن . دېمەك ، خېتتايىتنىڭ ئۈزۈم ئېكىنچىلىكىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ۋە قوغدىغانلىقى شۈبھىسىز (خېتتايىت ـ كىچىك ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەت بولۇپ ، ھازىرقى تۈركىيىنىڭ گېچىل ـ ئىرماق دەريا ۋادىسىدا ) .

قەدىمكى گرېتسىيە (يۇنان ) ، قەدىمكى رىملارمۇ ئۈزۈمنى خېلى بۇرۇن ئۆستۈرگەن . مىلادىيىدىن 14 ـ ئەسىر ئىلگىرىلا گرېتسىيىنىڭ باغۋەنچىلىكىدە ئۈزۈم ۋە زەيتۇن دەرىخى ئەڭ مۇھىم ھېسابلانغان . پېسىسچۇراتۇس (pesistratus ) نىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 527 ـ 541 ) دە ئۇ دېھقانلارنى سودا ـ سانائەت ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان ئۈزۈم ۋە زەيتۇن دەرىخى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ، تاغلىق رايونلاردىكى نامرات ئاھالىلەرگە قەرز پۇل تارقىتىشنى يولغا قويغان ھەمدە ھوسۇلنىڭ $\frac{1}{10}$ ياكى $\frac{1}{20}$ نى يەر بېجى قىلىپ بېكىتكەن . يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقتىن ئۈزۈم ناھايىتى تېزلىكتە ئەينى چاغدىكى ئەڭ كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەردىن بولۇپ قالغان .

قەدىمكى رىم سىياسىئونى بۇيۇك كاتونىڭ «يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى» ناملىق

ئەسىردە خاتىرىلىنىشىچە، رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىتالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا «ئېسىل مەيزاب ئىشلەپچىقىرىدىغان، مەھسۇلاتى مول ئۈزۈمزارلىقلار بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان». بۇنىڭدىن ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەيزابىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىتالىيە يېزا ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاشقى سودا ئىشلىرىدا ئۈزۈم مەيزابى يەنە مۇھىم ئېكسپورت تاۋارى بولغان.

خەنزۇچە تارىخنامىلاردا: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەردىن فەرغانە، باكتىرىيە، ئارساكلار ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەش تارىخىنىڭ ناھايىتى بۇرۇن ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن ئىلگىرىلا بۇ رايونلار ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەشتە خېلى مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان، باي ئائىلىلەردە تۈمەن دەندەن ئارتۇق ئۈزۈم مەيزابى ساقلانغان ھەم ئۇلار مەيزابى نەچچە ئون يىلغىچە سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىيالىغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرى ۋە كىچىك ئاسىيا رايونلىرى ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرگەن رايونلاردۇر. بۇنىڭدىن 5000 يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بەزى دۆلەتلەر ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلىگەن ھەم ئۇنى گرېتسىيە، ئىتالىيىلەرگە تارقاتقان. رىملىقلار ئۇنى يەنە گەللىك (تەخمىنەن ھازىرقى فرانسىيىگە توغرا كېلىدۇ) ۋە رېيىن دەرياسى ۋادىلىرىغىچە تارقاتقان. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 1 ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەيزابىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى

بور ئۈزۈم گرېكچىدىكى batyus نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئىران تىلىدىكى budawa نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر» دە « 蒲萄 » (بور)، «خەننامە» دە « 浦桃 »، «كېيىنكى خەننامە» دە « 蒲陶 » دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا « 葡萄 » دەپ قوللىنىلىدىغان بولغان.

ئېلىمىزدە شىنجاڭ ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلىگەن بولۇپ (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىندى، مەزكۇر ماقالىنىڭ II بابىدا بۇ توغرىلىق مەخسۇس توختىلىمىز)، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خەن دەۋرىدە كىرگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى (جيەنيۈەننىڭ 3 - يىلى) جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە بېرىپ، «فەرغانە ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈمدىن مەيزاب چىقىرىلىدىغانلىقى، بايلارنىڭ ساقلىغان مەيزابىنىڭ تۈمەن دەندىن ئاشىدىغانلىقى، نەچچە ئون يىل ساقلانغان مەيزابلارنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلىكى» نى كۆرگەن. ئاندىن «خەن ئەلچىسى ئۇ يەردىن ئۇرۇق ئالغاچ كېلىدۇ، خەن تەڭرىقۇتى مۇنبەت يەرلەرگە بېدە، ئۈزۈم تېرىشقا . . . يارلىق قىلىدۇ»، بۇ بىزگە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ جاڭ چيەن ئارقىلىق فەرغانىدىن ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەشنى بىلگەنلىكى ھەمدە ئۇ يەرنىڭ ئۈزۈمىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈپ تىككەنلىكىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نۆۋەتتە بۇ مە-

سىلىنى دەلىللەپ بېرىدىغان ئارخېئولوگ-
يىلىك ماتېرىياللار تېخى بولمىسىمۇ لې-
كىن «تارىخىي خاتىرىلەر» مىلادىدىن ئىل-
گىرىكى 91 - يىلى (جېڭخېنىڭ 2 -
يىلى)، يەنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ
ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە يېزىلغان بولۇپ،
مۇئەللىپ سىماچيەن غەربىي خەن سۇلالى-
سى دەۋرىدە ياشىغان ئوقۇمۇشلۇق تارىخ-
شۇناس ھەمدە ئوردا سالنامىچىسى ئىدى.
ئۇ خان جەمەتى كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلار-
نى بىمالال كۆرۈشتەك پۇرسەت ۋە شارا-
ئىتقا ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ جاڭ چيەن ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي رايونغا ئەلچىلىك-
كە بارغانلارنىڭ تەپسىلىي دوكلاتىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھا-
يىتى يېقىن. شۇنىڭ ئۈچۈن «تارىخىي خا-
تىرىلەر» دىكى شۇ بايانلار ئىشەنچىلىك
ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئۈزۈم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن-
دىن كېيىن خەن ۋۇدى «ئوردا - قەسىر-
دىن ئايرىلغان چاغلىرىدا ئەتراپتىكى بوك-
باراقسان ئۆسكەن ئۈزۈم، بېدىلەرنى كۆ-
رۈپ تاماشا قىلغان». ئۈچ پادىشاھلىق
دەۋرىدە پادىشاھ ۋېي ۋېندى - ساۋپى ئۈ-
زۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ
ماختاپ، ۋەزىرلىرىگە: «ئۈزۈم ھەققىدە
سۆزلىسەك، ئۈزۈم مەستلىكنى يېشىپ،
مېڭىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئۈزۈمنى سى-
قىپ شەربىتىنى ئىچىدۇ، ئۈزۈم تاتلىق،
قىرتاق ئەمەس، چۈچۈك، چۈرۈك ئە-
مەس. سوغۇق بولۇپ كىشىنى سەگىتىدۇ.
ئۈزۈمنىڭ تەمى ئېسىل، شىرنىسى كۆپ
بولۇپ، يېسە ئادەمنىڭ كۆڭلى ھوزۇر ئا-
لىدۇ. ئۈزۈمدىن يەنە مەيزاب ئېچىتىلى-
دۇ، ئۇنىڭ تەمى گۈرۈچ ھارىقىدىنمۇ ياخ-
شى بولۇپ، كىشىنى ئوڭاي مەس قىلىدۇ
ۋە كىشى ئاسان سەگىيدۇ. ئۈزۈمنىڭ نا-
مى تىلغا ئېلىنسا، ئادەمنىڭ ئاغزىغا سې-
رىق سۇ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ
كۆرمەك كېرەك...» دېگەن. «سىقىپ
شەربىتىنى ئىچىدىغان»، «تەمى ئېسىل،
شىرنىسى كۆپ» بۇ يېڭى ئۈزۈملەر يىراق
غەربىي رايوندىن توشۇپ كېلىنگەن بول-
ماستىن، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئېنىق. شى-
مالىي ۋېي خانلىقى دەۋرىدە لوياڭ شەھى-
رىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى جايلارنىڭ ھەم-
مىسىدە تەك تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىچىدە «ئاق ئات ئىبادەتخانىسى»
نىڭ ئالدىدىكى تەكلەر ناھايىتى بوك -
باراقسان ئۆسكەن. «ئۈزۈم شوڭلىرى
(تالىلىرى) ئۈزۈن، مېۋىلىرى چوڭ بو-
لۇپ، ھەربىر ساپىقىنىڭ ئېغىرلىقى ئالا-
ھەزەل 7 جىڭ كېلەتتى. ھەر بىر دانىسى
چىلاندەك چوڭ، تەمى شېرىن - تاتلىق
بولۇپ، نامى پۈتۈن پايتەختكە
تارالغان ئىدى».

ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش تېخنىكى-
سىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشى ئۈ-
زۈمگە قارىغاندا كېيىنرەك بولۇپ، تەخمى-
نەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلى-
رىغا كەلگەندە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى
مەيزاب ئىشلەشنى بىلگەن بولۇشى مۇم-
كىن، «ئەمىنىيىلىك يىللىرىدا خانىنىڭ
كۆزىدىن كۆچۈرۈشكە سۇنۇلغان دەستۇر»
نىڭ 972 - جىلدىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن
(خەننامە) نىڭ داۋامى» دە «فۇفىڭلىق
مېڭ تا دېگەن بىر كىشى جاڭ راڭغا بىر
پاتمان ئۈزۈم مەيزابى ھەدىيە قىلغان، جاڭ
راڭ ئۇنى لياڭ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى
قىلىپ تەيىنلىگەن». مېڭ تا جاڭ راڭغا
ھەدىيە قىلغان ئاشۇ بىر پاتمان ئۈزۈم مەي-
زابى ئومۇمەن ئىككى مەنبەگە ئىگە، يەنى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئۆزىدە ئىش-
لەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈزۈمنىڭ كى-
رىشىگە ئەگىشىپ ئۈزۈمدىن مەي - شاراب
ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ شەرققە تارقىلىپ،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى خەلقى تەرىپى-

دىن ئىگىلەنگەن ؛ ياكى غەربىي رايوندىن
ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن . ۋەھا-
لەنكى ، ئەينى زامانلاردىكى قاتناش ـ
ترانسپورت شارائىتىدا ئۈزۈم مەيزابىدىن
ئىبارەت بۇ خىل سۇيۇق جىسىمنى نەچچە
مىڭلىغان چاقىرىملىق غەربىي رايوندىن
چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىش چوقۇم ئىنتايىن
مۇشەققەتلىك بىر ئىش ئىدى ، بەلكى ئۇ-
نىڭ نەرقى باھاسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بو-
لۇشى تۇرغان گەپ . ئالاھەزەل شۇنداق
بولغان دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت بەگ ـ
غوجاملارلا بەھرىمەن بولالايدىغان قىممەت-
لىك ئىستېمال بۇيۇمى بولغان بولاتتى ،
ئەلۋەتتە . ۋېي ۋېندىنىڭ ئۈزۈمدىن يەنە
«مەي ـ شاراب ئىشلىگىلى بولىدۇ » دېگەن
سۆزىگە قارىغاندا ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئۆزلىرى چىقار-
غان ئۈزۈمنى ئېچىتىپ ئۈزۈم مەيزابى
ئىشلىگەن .

تاڭ سۇلالىسى ـ ئېلىمىزنىڭ فېئو-
داللىق جەمئىيەت ئىقتىسادى ، مەدەنىيىتى
يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن بىر تارىخىي
دەۋرى . شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايو-
نىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ ، ئۈزۈمدىن مەيزاب
ئىشلەش كەسپى راۋاج تاپقان دەۋر ھېساب-
لىنىدۇ .

«خانلىق قىرائەتخانىسىدىكى ئۆرنەك-
لەر » نىڭ 970 ـ جىلدىدا : قوچو شەھى-
رىنى ئالغاندا ، باغلاردىكى مۇناقى ئۈزۈم-
لەر قولغا چۈشتى ، بەلكى ئۇنىڭدىن مەي-
شاراب ئىشلەشنىڭ چارىسىنىمۇ بىلىۋال-
دۇق . ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب ئىشلەشنى
خان شەخسەن ئۆزى ھوزۇر قىلدى ، مەي-
زاب چىقىرىلدى ، ئۇ رەڭدار ، تاتلىق ـ
تەملىك ھەم چۈچۈمەل ، شەربەتلىك ، مې-
زىلىك پۇراقلىق بولۇپ ، ھەممە ۋەزىرلەر-
گە ھەدىيە قىلىندى . ئاستانىدىكىلەر بې-
رىنچى بولۇپ ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ بىل-
دى » دېيىلگەن . بۇ ـ ئىچكى ئۆلكىلەردى-
كىلەرنىڭ غەربىي رايوندىكى قېرىنداش
مىللەتلەرنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى ئۆگى-
نىپ ، ئۈزۈم مەيزابى ئىشلىگەنلىكىنى
تۇنجى قېتىم روشەن قىلىپ يازغان تارى-
خىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ . مۇناقى (ساي-
ۋا ) ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەش ئۇ-
سۇلىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تار-
قىلىشىنى خوجۇنجىنىڭ قوچونى تىنجىت-
قانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ . مىلا-
دى 640 ـ يىلى (جېڭگۇەننىڭ 14 ـ يى-
لى ) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى خو-
جۇنجىنى قوشۇن باشلاپ قوچونى تىنجىتىش-
قا ئەۋەتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك بىلەن غەربىي رايون ئوتتۇرىسىدى-
كى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى توسالغۇ تۈگى-
تىلىپ ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي را-
يوننىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم
قويىدۇ . قوچو تارىختىن بۇيان «بورلۇق»
يەنى «ئۈزۈم ماكانى» دەپ ئاتالغان بو-
لۇپ ، ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي خانلىقلار
دەۋرىدە لياڭ خانلىقىغا ئۈزۈم ئولپان بې-
رىپ تۇرغان . شۇڭا لياڭ خانلىقى كىشى-
لىرى قوچونىڭ بۇ خىل ئېسىل مەھسۇلا-
تىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىشكەن . مۇناقى
ئۈزۈم چوڭ ـ دانلىق بولۇپ ، ئۈزۈملەر
ئىچىدە ئەڭ ئېسىلى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ-
دىن يەنە مەي ـ شاراب ئىشلىگىلى بولى-
دۇ . شۇڭا خوجۇنجى ئۇنى چاڭئەنگە ئالغاچ
كەتكەن . مۇناقى ئۈزۈمنى تاڭ تەيزۇڭ ئۆ-
زىنىڭ چارباغلىرىدا ئۆستۈرۈپلا قالماس-
تىن ، بەلكى يەنە مۇناقى ئۈزۈمدىن مەيزاب
ئىشلەش ئىشىنى شەخسەن ئۆزى سۈرۈش-
تۈرۈپ تۇرغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن
شارابنى ۋەزىرلىرىگە تېتىپ بېقىش ئۈچۈن
ئىلتىپات قىلغان ، بۇ ئىش تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن
مەي ـ شاراب ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرىگە
شۈبھىسىزكى ، ناھايىتى زور تەسىر كۆر-

سەتكەن .
قوچو مۇناقىسىنىڭ چاڭئەنگە كىرى-
شى بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئۈزۈم
سورتلىرى كۆپەيگەن . تارىخىي كىتابلاردا :
«سېرىق ، ئاق ، قارا ئۈچ خىل تۈرى بار»
دېيىلگەن ، ئۈزۈمچىلىك ئىشلىرىنىڭ تە-
رەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۈزۈم مەي-
زابلىرىمۇ چاڭئەن بازارلىرىغا كۆپلەپ كى-
رىشكە باشلىغان . غەربىي بازار ۋە چاڭئەن
شەھىرىنىڭ شەرقىدىن تارتىپ چۇجاڭ قا-
تارلىق جايلارغىچە غۇز (ئۇيغۇر) گۈزەل-
لىرى كۈتىۋالىدىغان مەيخانىلار بار ئىدى
(غەربىي رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر
تىجارەت قىلىدىغان بۇنداق مەيخانىلاردا
غەربىي رايوندىن چىقىدىغان ئۈزۈم شارابى
سېتىلاتتى) . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆت-
كەن مەشھۇر شائىر لى بەي قاتارلىقلار
ئۇلارنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى . نۇر-
غۇنلىغان ئەدىب ۋە ئالىملار بۇ يەرگە جەم
بولۇپ ، ئۈزۈم شارابى ئىچكەچ دەستۇرلار ،
تارىخلار ئۈستىدە سۆھبەت ـ مۇھاكىمە
قىلىشاتتى . ئەينى ۋاقىتتا شەنشى ، خېبېي
قاتارلىق جايلاردا «چىڭەنخې ئۈزۈمى» دىن
ئىشلەنگەن بىر خىل ئۈزۈم مەيزابى ئىش-
لەپچىقىرىلغان بولۇپ ، ئۈزۈم مەيزابى تەي-
يۈەن مەھكىمىسىنىڭ يەرلىك ئولپان بۇ-
يۇملىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى . ئۈزۈم
شارابىنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىنى ئۈ-
زۈم ئۆستۈرۈشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدىن
ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ . بۇ تاڭ سۇلالى-
سى زامانىسىدا ئۈزۈمچىلىك ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى .
تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ئىلىمىز-
نىڭ ئۈزۈمچىلىك ئىشلىرى ئۈچقاندەك تە-
رەققىي قىلدى . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، شۇ چاغ-
لاردىكى ئۈزۈمنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ،
«خرۇستال ئۈزۈم -- گۈڭگا ئاق رەڭدە
بولۇپ ، خۇددى ئۈستىگە ئۇت چېچىپ قوي-
غاندەك كۆرۈنىدۇ . دانىسى چوڭ ھەم ئۇ-
زۇنچاق ، تەمى تاتلىقتۇر . بىنەپشىرەڭ
(سۆسۈن) ئۈزۈم ، ئۇ قارامتۇل بولۇپ ،
چوڭ ـ كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ . تە-
مىمۇ چۈچۈك ھەم تاتلىق ئىككى خىل بو-
لىدۇ . يېشىل (كۆك) ئۈزۈم سىچۈەندىن-
مۇ چىقىدۇ ، پىشقانسېرى يېشىل بولىدۇ .
غەربىي رايوندىكىلەرنىڭ يېشىل (سايۋا)
ئۈزۈمگە ئوخشاپ كېتىدۇ . توشقان كۆزد-
نىڭ تەمى ھەسەلدىنمۇ تاتلىق . كىشمىش
ئۈزۈم (ئۇرۇقسىز غەيرىي سورتلۇق ئۈ-
زۈم) ، غۇنچە ئۈزۈم دېگەنلەر بولۇپ ،
غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ . مېۋىسى خۇددى
قارامۇچتەك ئوخشاق بولىدۇ . . . يۇننەندە
يەنە چىلاندەك چوڭ ئۈزۈم بولۇپ ، تەملىك
بولىدۇ . لى شىجېن «ئۆسۈملۈك دورىلى-
رى قامۇسى» دا يەنە بىر خىل يۇملاق
ئۈزۈم تۈرىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ ، ئۇنى
«يۇسسىيە ئورتى كۆزى» دەپ ئاتىغان .
ئۇلارغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي را-
يوندىن كىرگەن مۇناقى ئۈزۈمنى قوشقاندا
ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈزۈم-
نىڭ سورتى ئون خىلغا يېقىنلاشقان . ئۈ-
زۈم چىقىدىغان جايلارمۇ پەقەت ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قال-
ماستىن ، بەلكى جەنۇبتىكى بەزى جايلاردى-
مۇ تەبىئىي شارائىتقا باب كېلىدىغان
سورتلارنى تىكىپ يېتىشتۈرگەن . ئۇنىڭ-
دىن مەي ـ شاراب ئىشلەپچىقارغاندىن باش-
قا يەنە قەنت ۋە سىركە (ئاچچىقسۇ) مۇ
ئىشلەپچىقارغان . كىچىك باللار غۇنچە
ئۈزۈمنى دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە
چېچەك چىقىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ .
ئۈزۈن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش
ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى
ئەمگەكچى خەلق تەك تىكىپ يېتىشتۈرۈپ
ۋە پىششىقلاش تېخنىكىسى قاتارلىق جە-
ھەتلەردە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان . تا-
رىختا ئۆتكەن بىرمۇنچە ئاگرانوملار بۇ

تۇغرۇلۇق ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقارغان. شىمالىي ۋېي دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئاگرونوم جاسىشى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەسىرى «يۇقرالار ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملەر» دە تەك تىكىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى، ئۈزۈم ئۈزۈش ئۇسۇلى، ئۈزۈم ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق بايان قىلغان. مەسىلەن:

تەك يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى: تەكنىڭ شۆخلىرى «يېيىلىپ ئۆسىدۇ، ئۆزى تۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، باراڭغا ئېلىش كېرەك، يوپۇرماقلىرى قويۇق، سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئىسسىق كۈنلىرى سەگىملى بولىدۇ. 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غول شاخلىرى مۇۋاپىق چاتىلىدۇ، ئاندىن ئورەك قېزىپ، يۇمىلاق يۆگەپ ئوراپ كۆمۈۋېتىلىدۇ. تەكنىڭ غول - شۆخلىرىنى ئىمكانقەدەر يىغىن يۆگەشتۈرۈپ، ئۈستىنى شال پاخلى، ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىپ، ئاندىن ئۈستىگە توپا تاشلاپ كۆمۈش كېرەك. ھۆلچىلىكتە قالسا بولمايدۇ. ھۆل بولسا ئوڭاي مۇز تۇتۇپ كېتىپ تەكنى ئۇششۇتىۋېتىدۇ. 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تەكنىڭ ئۈستى ئېچىلىپ، تەك شۆخلىرى باراڭ ئۈستىگە ئېلىنىدۇ. تەكنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغاچقا، سوغۇققا ئەسلا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا تەكنى ياخشى كۆممىگەندە ئاسانلا توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ. تەكنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، شۆخلىرىنى بېجىرىم قىلىپ مېۋىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئورەكنى تەكنىڭ غول يىلتىزىدىن يىراقراق جايدىن قېزىش، شۆخلىرىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئورەكنىڭ ئەتراپىدىن توپا ئېلىپ يۆلەپ كۆمۈش كېرەك.

ئۈزۈم كېسىش ئۇسۇلى: ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئۈزۈم بىر ساپاق بىر ساپاقتىن ئۈزۈلىدۇ، باشتىن ئاخىرغىچە بۇزۇپ چاچماي، پۈتۈن ئائىلە بويىچە ھەممەيلەن ئۈزۈم ئۈزۈشكە چىقىدۇ.

ئۈزۈم ساقلاش ئۇسۇلى: ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئۈزۈمنى ئۈزۈپ كېلىپ، ئۆي ئاستىدىكى گەمە ئۆيگە ئەكىرىپ، گەمىنىڭ ئەتراپىدىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن تۆشۈكچىلەر قويۇلىدۇ. تۆشۈكچىلەرگە شاخلار ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈزۈملەر شۇ شاخلارغا بىر ساپاق - بىر ساپاقتىن ئېسىلىدۇ، قىش ئۆتكۈچە ئۈزۈمدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۇسۇلى: ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئۈزۈمنى پىچاق ياكى قايچا بىلەن ساپىقىدىن ئاجرىتىپ، يەنى دانچە - دانچە قىلىپ، شىرنىسىنى چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئۈزۈمگە ئىككى پىرسەنت ھەسەل، بىر پىرسەنت ياغ ئارىلاشتۇرۇپ، قازاندا 4 - 5 قېتىم قاينىغاندىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ سالقىن جايدا قۇرۇتۇلىدۇ. بۇنداق ئۈزۈمنىڭ تەمى ئېسىل بولىدۇ ھەم كېلەر يىلى يازغىچە بۇزۇلمايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «دېھقانچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «دېھقانچىلىق قامۇسى» ۋە «يۇقرالارغا ئەپلىك رەسىملىك چۈشەندۈرۈش قوللانمىسى» قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىقى بايانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايانلار بار. ئۇ ئېلىمىز ئەمگەكچى خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئۈزۈم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پەقەت ھۆل پېتى ئۇزۇقلىنىش ۋە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەش ئۈچۈنلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۈزۈمنىڭ چىرايلىق، جانلىق ھالەتلىرىمۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم تېما بولۇپ قالدى. رەس-

سامىلار ئۇزۇمنى ئۈزلىرىنىڭ رەسىملىرىدە ئىجادىي يوسۇندا نامايەن قىلدى . ھۇنەرۋەنلەر ئۇزۇمنى ئۈزى سوققان مىس كۈرگۈلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى . توقۇمىچىلار ئۇنىڭ نۇسخىلىرىنى ئىلىپ ، رەڭگارەڭ كىمخاب ، دۇردۇنلىرىغا توقۇپ چىقتى . خەن دەۋرىدە ياسالغان دىڭىز ھايۋانلىرى ۋە ئۇزۇمزارلىقنىڭ مەنزىرىسى نەقىشلەنگەن مىس كۈرگۈلەرگە ئۇزۇم نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن . تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تازا ئومۇملاشقان . دۇنخۇاڭ غارلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇزۇمنى نۇسخا قىلغان جىيەك بىزەكلىرىنى كۈرگىلى بولىدۇ . ئۇزۇمنى بىزەك نۇسخىسى قىلىش غەربىي ئاسىيادا خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ ، 8 - 7 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئىلىمىز خەلقى ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان توقۇلما بۇيۇملار نۇسخىسىغا ئايلانغان . ئۇزۇم ۋە ئۇزۇم شارابى يەنە ئەدىبلەرنىڭ شېئىر - نەزمىلەرنى يېزىشىدا بىر تېما بولۇپ قالغان . تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋاڭ خەن ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «لياڭجۇ نەزمىسى» دە مۇنداق دەپ يازغان :

ئاي نۇرى يەڭلىغ قەدەھ ئىچرە جۇلالايدۇ شاراب ،
قانغىدەك ئىچىپ بەرباب چالاي دەپ ئاتقا مىندىم ئالدىراپ .
مەس بولۇپ جەڭگاھدا ياتسام كۈلمەڭ تەقسىر - جاناب ،
ئەلمىساقتىن جەڭگە كېتىپ ساق كەلمىگەنلەر بىھېساب .

لى بەينىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرىدىمۇ ئۇزۇم شارابى تېما قىلىنغان .

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ، تاڭ دەۋرى - ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئۇزۇمچىلىك ۋە ئۇزۇم مەيزابى ئىشلەش راۋاجلانغان دەۋر بولغان ، ۋەھالەنكى ، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى تەرەققىيات ئىنتايىن ئاستا بولغان . بۇ نۇقتا تارىخىي كىتابلاردىكى بىرمۇنچە ماتېرىياللاردا ئوچۇق چۈشەندۈرۈلگەن . شەرقىي خەن خانلىقى زامانىسىدا مېڭ تا جاڭ راڭغا بىر پاتمان ئۇزۇم مەيزابى ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى بولۇۋالغان («ئەمىنلىك يىللىرىدا خاننىڭ كۈزدىن كەچۈرۈشىگە سۇنۇلغان دەستۇر» نىڭ 972 - جىلدىگە قاراڭ) . شىمالىي ۋېي خانلىقى زامانىسىدا ئەمەلدارلار سوۋغا قىلىنغان ئۇزۇمگە ئېرىشەلىسە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۈرسىتىپ ، كارامەت تاتلىق ئىكەنلىكىنى داڭلاپ ، يېيىشكە قىيماي ، ئۇزۇنغىچە ئۇيمۇ - ئۈي ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن» مىش ؛ شىمالىي چى خانلىقى زامانىسىدا لى يۈەنجۇڭ «شىزۇڭ خانغا بىر پەتنۇس ئۇزۇم سوۋغا قىلغاندا ، شىزۇڭ خان ئۇنىڭغا 100 توپ شايى بەرگەن» ئىكەن . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇم ۋە ئۇزۇم شارابىنىڭ ئەينى زامانلاردا ئىنتايىن ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چۈشەندۈرىدۇ . تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولغان . «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 100 - جىلدىدا مۇنداق بىر ئىش خاتىرىلەنگەن : تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ خانى لى يۈەن بىر قېتىم ۋەزىرلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ . شۇ سورۇندا ئامبال چېڭ شۇدا ئۇزۇمنى قولىغا ئىلىپ ، يېمەي تۇتۇپ تۇرۇپ قالغان . خان ئۇنىڭدىن «تەخسىر ، ئۇزۇمنى نېمىشقا يېمەيسىز» دەپ سورىغاندا ئۇ «ئانام ئاغرىق ئىدى ، ئۇزۇندىن ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالماي يۈرەتتىم ، ھازىر مۇشۇ ئۇزۇمنى يېمەي ئانامغا ئاپىرىپ يېگۈزەي دەيمەن» دېگەندە ، گاۋزۇخان ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان كۈيۈمچانلىق قەلبىدىن بەك تەسىرلىنىپ ، ئۇنىڭغا يەنە بىرمۇنچە ئۇزۇم بېرىپتۇ . شۇنچە چوڭ ئەمەل تۇتقان چېڭ شۇدا چېغىدا ئانىسى ئاغرىپ قېلىپ ئازراق ئۇزۇم

يېگۈسى كەلگەندە ئۈزۈم تاپالماي يۈرگەن يەردە، ئادەتتىكى پۇقرالارغا يېگىلى نەدىمۇ ئۈزۈم بولسۇن! بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئازراق تەھلىل يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۈزۈمنىڭ بىر خىل بېزەك نۇسخىسى بولۇشى، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەيزابىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تېمىسى بولۇشى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى كەمدىن كەم ئۇچرايتتى، ۋەھالەنكى، تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ناھايىتى تېز ئومۇملىشىشقا باشلىدى، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۈزۈمنىڭ بىر خىل زىننەت نۇسخىسى سۈپىتىدە كەڭ تارقىلىشى ئۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە يېتىشتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ، كىشىلەر تەمىنى ئومۇميۈزلۈك تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوبرازى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغان. شۇنداقلا ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن مەيزابمۇ شېئىر - نەسىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر خىل تېما بولۇپ، زور كۆلەمدە مەيدانغا چىقتى، بۇنىمۇ ئۈزۈم مەيزابىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقالغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋاللار تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئۈزۈمچىلىك ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يەنە بىر نۇقتىدىن ئىسپاتلايدۇ.

ئۈزۈم خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە.

**III شىنجاڭ -- ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئاۋۋال ئۈزۈم يېتىشتۈرگەن ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلىگەن رايون**

شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ نۇقتىنى تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ ئىسپاتلايدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەر، فەرغانە تەزكىرىسى» دە: «فەرغانە تەرەپلەردە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەيدۇ. . . .» دېگەن خاتىرىلەر بولۇپ، بۇ ئۈزۈمنىڭ خەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قانداق تارقالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم يېتىشتۈرگەن ۋە ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەپچىقارغانلىق تارىخىنى روشەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ كىتابتا ئېيتىلغان «تەرەپلەر» جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالىنى يەنى شەرق، غەرب تەرەپلىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئەلۋەتتە پامىرنىڭ شەرقىدىكى شىنجاڭ رايونىنى، فەرغانىنىڭ غەربىدىكى سوغدىيانە، ئارساك (بۇخارا رايونلىرى) نى بىلدۈرىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، جاڭ چيەننىڭ «فەرغانە تەرەپلەردە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەپچىقىرىدىكەن . . .» دېگەندەك بىرنەچچە ئېغىز سۆزى فەرغانە ۋە ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈم مەيزابى ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلىغان. شۇ «تەرەپلەر» دە «نەچچە ئون مىڭ دادەن ئۈزۈمدىن مەيزاب چىقىرىپ ساقلايدىكەن، نەچچە ئون يىل ساقلاپ ئىچسىمۇ بۇزۇلمايدىكەن»، بۇ مەزكۇر رايوندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەيزاب ئىشلەش ۋە مەيزاب ساقلاش جەھەتتە ناھايىتى مول تەجرىبىلەرنى توپلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار «ئىچىشكە خۇمار بولغان مەيزاب» مۇ دەل ئۈزۈم شارابىدىن ئىبارەت. جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە بېرىش-

تىن ئىلگىرى قەدىمكى شىنجاڭ رايونى
فەرغانە قاتارلىق ئەللەرگە ئوخشاشلا ئۈزۈم
ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش
تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشى-
نىشكە بولىدۇ . «تارىخىي خاتىرىلەر» دە
بۇ ھەقتە كونكرېت خاتىرە پۈتۈلمىگەنلىكى-
گە كەلسەك ، بۇ جاڭ چيەننىڭ غەربكە
قىلغان سەپىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بى-
لەن مۇناسىۋەتلىك ، جاڭ چيەننىڭ غەربىي
رايونغا ئەلچىلىككە بېرىشىدىكى ئاساسىي
ۋەزىپىسى توخرىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ،
ھۇنلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئىدى .
شۇڭلاشقا جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىنىڭ
ۋۇدى خانىغا سۇنغان دوكلاتىدا ئاساسەن
پامىرنىڭ غەربىدىكى فەرغانە ، توخرىلار ،
سوغدىيانە ، توخارىستان قاتارلىقلارنىڭ
ئەھۋاللىرىنى نۇقتىلىق ھالدا دوكلات قى-
لىپ ، پامىرنىڭ شەرقىدىكى غەربىي يۇرت
ئەللىرى توغرىسىدا ئىنتايىن ئاددىيلاشتۇ-
رۇپ مەلۇمات بەرگەن . بۇنىڭدىن باشقا ،
جاڭ چيەن بۇرۇن خەن سۇلالىسى تەرەپ-
نىڭ پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلار توغرى-
سىدا بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ ،
پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە
ھۇنلار ئارقىلىق ئاز ـ تولا خەۋەر تاپقان
ئىدى . «تارىخىي خاتىرىلەر» دە پامىرنىڭ
شەرقىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلىي سۆز-
لەنمىگەنلىكى ئاساسەن يۇقىرىدا بايان قى-
لىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بول-
سا كېرەك .

تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگى-
يىلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا ، غەربىي
خەن دەۋرىدە چەرچەن ، ئارسى (قارا شە-
ھەر) ، كۇسەن (كۇچا) ، ئۇدۇن (خو-
تەن) ، ئېۋىرغول (قۇمۇل) قاتارلىق جاي-
لارنىڭ ھەممىسىدىلا ئۈزۈم ناھايىتى كۆپ
چىقاتتى . كۇسەندىكى بەزى چوڭ دۆلەتمەن
ئائىلىلەرنىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرى مىڭ
پاتمانغا يېتەتتى . خوتەن رايونىدىكى نىيە

ناھىيىسىنىڭ نىيە قەدىمكى شەھەر خارابى-
سىدىن مىلادى 3 — 1 ـ ئەسىرلەرگە خاس
مېۋىلىك باغلارنىڭ خارابىسى بايقالغان ئى-
دى . ئۇنىڭغا يېقىن بىر جايدا بىر گۈللۈك
باغنىڭ ئىزى بولۇپ ، ئۇ يەردىن قۇرۇپ
كەتكەن رەت ـ رەت شاپتۇل ، ئۆرۈك ، قارا
ئۆرۈك ، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ-
لەر ساقلانغان . بۇ بايقاش ئەينى زامانلار-
دىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى دۆلەت-
لەرنىڭ مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈش
ئىشلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە . 1959 ـ يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ
شەرقىي خەن دەۋرىگە خاس ئەر ـ خوتۇن
بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن قېزىۋېلىن-
غان يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدىكى بىرنەچچە
بېزەك بويۇملارغا قاڭشارلىق ، بۇدۇر چاچ
ئادەملەرنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن . شۇن-
داقلا يەنە ئەينەن سۈرەتلەنگەن ئۈزۈم نۇس-
خىلىرىمۇ چۈشۈرۈلگەن . بۇ يۇڭ توقۇلمى-
لاردا ئارقاق يىپقا گۈل چىقىرىشتەك تو-
قۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ ، بۇ ئې-
لىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا يا-
راتقان كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ . بۇ ھال
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇن-
دىن 2000 يىل بۇرۇنلا ئۈزۈمنى ياخشى
كۆرىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئوبرازىنى بې-
زەك نۇسخىسى قىلىغانلىقىنى چۈشەندۈرى-
دۇ .

خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى شىنجاڭ
ئۈزۈمچىلىكى ۋە مەيزاب ئىشلەش ئەھۋالى
توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئارخېئولوگىيە-
لىك بايقاشلاردا ئاز ئەمەس . نىيە ناھىيە-
سىدىكى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان مىلا-
دى 4 ـ 3 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق كا-
رۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردە يۇقى-
رى قاتلام راھىبلىرىنىڭ ئۈزۈمزارلىق بې-
غى بارلىقى ۋە ئۈزۈم بېغى ساتقانلىقىغا
دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن . مەسىلەن :

581- نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە مۇنۇلار پۈتۈلگەن : «راھىب كالان ئۆزىنىڭ بىر ئۈزۈمزارلىقىنى مۇھۇرچى راماسۇتوغا سېتىپ بەرمەكچى بولدى ، كېلىشكەن باھاسى ئالتە غۇلاچ گىلەم ، ئىككى تۇياق قوي ، بىر مىلىس ئاشلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى . مۇھۇرچى راماسۇتو ئۈزۈم بېغىنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىش ، ئالماشتۇرۇش ، خالىغىنىنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە» . تۇرپاندىكى شەرقىي جىن خانلىقى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردە جەسەت يېنىغا قويۇلغان ئۈزۈملەرنىڭ بەزىسى ساپىقىدىن ئاجرىماي ، شۇ پېتىچە قۇرۇپ قالغان . بەزى قەبرىلەرنىڭ تاملىرىدا يەر ئىگىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تام رەسىملىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۈزۈملەرنىڭ مەنزىرىسى سىزىلغان ، تام رەسىملىرىدىكى ئۈزۈملۈك باغلار يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، قوچو ئايمىقىدىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ زور كۆلەمدىكى تېرىلغۇ يەرلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئۈزۈمزارلىقلارنى ئىگىلىگەنلىكىنى ، ئۈزۈمچىلىك ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ مۇھىم ئېكسپلاتاتسىيە ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى داڭ چىقارغان ئىدى . قوچو پادىشاھىنىڭ جەنۇبىي سۇلالىلەرگە قىلغان «تارتۇق» لىرى ئىچىدە قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئۈزۈم مەيزابى بولۇپ ، لياڭ سۇلالىسىنىڭ كىشىلىرى ئۇچۇن قوچونىڭ بۇ خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ئىدى . ئۇلار كۈالىنىڭ ئۈزۈمىنى «پوستى نېپىز ھەم تاتلىق» دەپ ماختىغان . ۋۇبەنىڭ ئۈزۈمىنى بولسا «پوستى قېلىن ، تەمى ئاچچىق» دېگەن . ئۈزۈم مەيزابىنى بولسا كۆھىقاپنىڭ شامىلىدا توڭلاتسىمۇ سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ ، كۈالىن مەيزابى سىلىق ھەم رەڭگى سۈس كېلىدۇ» دېگەن . فىلىڭ چېڭجۈن ئەپەندىنىڭ «غەربىي رايون ، جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» دىكى «قوچو شەھىرى ۋە تاڭ دەۋرىدىكى پۇچاڭ» (پىچان ) دېگەن ماقالىدا دەلىللىشىچە ، كۈالىن ، ۋۇبەن دېگەن جايلار قوچو ئېلىدىكى شەھەرلەرنىڭ نامى ئىكەن . كۈالىن - ھازىرقى قارا خوجىنىڭ جەنۇبى ، ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىكەن ، ۋۇبەن - قاراخوجا بىلەن توقسۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىكەن . كۆھىقاپ (بوران ئېغىزى جىلغىسى ) نىڭ ئورنى تارىخىي كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ (بەلكى ئۇمۇ قوچودىكى بىر جاينىڭ نامى بولسا كېرەك ) . تۇرپاندىكى جىن ، تاڭ سۇلالىلىرىگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان قول يازمىلاردىمۇ ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەيزابىغا ئائىت ماتېرىياللار ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : شۈەنشىنىڭ 11 - يىلى دېگەن قول يازمىدا ، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىر كۈندە چىقىم قىلىنغان مەيزابىنىڭ يەتتە خو (پاتمان ) دىن ئارتۇق بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن . كۈي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو ھاكىمىيىتى ئۈزۈمزارلىقىنىڭ ئىجارىسىگە ھېسابلاپ يىغىۋالغان ئۈزۈم مەيزابى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، بىر پارچە كىرىم ھېسابات دەپتىرىدىلا «كېيىنرەك كىرگۈزۈلگەن مەيزاب 973 خو (پاتمان ) بولغان »لىقى خاتىرىلەنگەن . بەزى مەي - شاراب ھېسابات دەپتىرىدە : خودىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغان «شېڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۇرلۈك ئۆلچەم بىرلىكى بارلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بىر پارچە قول يازمىدا 5 مو 60 قەدەملىك ئۈزۈملۈكتىن 11 شېڭ 142 خو مەي - شاراب ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن . يەنە بەزى قول يازمىلاردا تەكلىكنى ئېلىپ - ساتقانلىق ئەھۋاللىرى

خاتىرىلەنگەن. بۇ قىممەتلىك قول يازمىلىرىدىن قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ ئۈزۈمچىلىكى ۋە ئۈزۈمدىن مەيزاب ئىشلەش كەسپىنىڭ خېلىلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن. ئۈزۈم، قوغۇن، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلەتتى. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىغا ئوخشاش جايلاردىكى تۈپرىقى بىر قەدەر ئۇنۇمسىز يەرلەرگىمۇ ئۈزۈم كەڭ كۆلەمدە تىكىلگەن. كاڭ يەندىيەن بىنا قىلغان ئۈزۈم شەھىرى دەل ئۈزۈم مەھسۇلاتىنىڭ موللىقى بىلەن داڭ چىقارغان. شۇ دەۋرنىڭ ئۈزۈم پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىنكى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنىرىنىڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. تۇرپاندىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن، مارالبېشىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى ئىزلىرىدىكى تاڭ دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىن ساپىقى بىلەن قۇرۇپ قالغان ئۈزۈملەر تېپىلدى. تاڭ دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان قەبرىلەردىن دائىم دىگۇدەك چوڭ ئىدىشلار بىلەن كۇبلەر تېپىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى پىششىق بولۇپ، خۇمدانىنىڭ ھارارىتى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان. ئۇلارنىڭ لايلىرى قېلىن، بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھىياتى كەڭ. كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۇسەن قەدىمكى شەھىرىدە بىر قېتىمدىلا چوڭ ئىدىشتىن 18 ى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار قاتارىغا ئۈچ قۇر قىلىپ تىزىلىپ، ھەربىر قۇرىغا ئالتىدىن قىلىپ تەكشى تىزىلغان. ئىدىشلارنىڭ سىرتقى قەۋىتىنى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىرچە قېلىنلىقتا لاي بىلەن پېچەتلىنگەن. بۇ ئىدىشلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەش بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنى مەي - شاراب ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەيزاب ساقلاشقا ئىشلەتسە بەكمۇ باب كېلەتتى. ئىدىشلار مەيزاب ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلسە، كۇبلەر مەي - شاراب ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن. چوڭ ئىدىش، كۇبلەرنىڭ مۇنداق دائىرىدە بايقىلىشى قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم مەيزابى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر جەھەتتىن دەلىللەيدۇ.

ئۈزۈمنى بېزەك نۇسخىسى قىلىش شىنجاڭدا خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن. شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن ئۈزۈم نۇسخىلىق گىلەم تېپىلغان بولۇپ، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇنداق نۇسخىلار تېخىمۇ ئومۇملاشقان. تۇرپاندىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن ئۈزۈم نۇسخىلىق يىپەك توقۇلما بۇيۇملار خېلى كۆپ تېپىلغان. تاڭ سۇلالىسىغا خاس ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھايۋانات ۋە ئۈزۈم نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن مىس كۆزگۈ (ئەينەك)لەر شىنجاڭدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت بەزى خارابىلەردىن بايقالدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالمىلىق، بېشبالىقلاردىمۇ ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم مەيزابى كۆپ چىقاتتى. شائىرلار ئېلى دەريا ۋادىسىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق يېزىشقان:

ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئولتۇرۇپ شارابنى ئىچسەڭ،
ئۆرۈك سايىسىدا ئولتۇرۇپ مېغىزىنى چاقارسەن.

ئەينى زامانلاردا غەربىي رايون خانلىرى دائىم دىگۇدەك ئىچكى ئۆلكىلەردىكى

پادىشاھلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۈزۈم شارا-
بىنى سوۋغا قىلاتتى . ئالاھىدە تىلغا ئې-
لىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، ئۇيغۇر ئاگ-
رانوم تۆمۈر تۆۋرۈك (لۈمىڭشەن ) تۈز-
گەن «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلى-
رى » ناملىق دېھقانچىلىققا ئائىت كىتاب
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دېھقانچىلىققا
ئائىت يېزىلغان ئۈچ بۈيۈك كىتابنىڭ بى-
رى ، دەپ شۆھرەت قازانغان . مەزكۇر كى-
تابتا تەك تىكىشنىڭ پەسلى ، ئۇسۇلى قا-
تارلىقلار ناھايىتى تەپسىلىي يەكۈنلەنگەن .
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاتىرى-
لەردە قۇمۇل ، پىچان ، كورلا ، ئاقسۇ ،
قەشقەر ، ماناس ، ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ
ھەممىسى ئۈزۈم چىقىدىغان ئاساسلىق را-
يون بولغانلىقى ، ئۇ يەردىكى ئۈزۈم سورت-
لىرىنىڭ «ئۈزۈنى سايۋا ، يۇمۇلىقى ئۈ-
زۈم » دېيىلگەن . ئۇندىن باشقا يەنە يېشىل
ئۈزۈملەرمۇ بار بولۇپ ، ئۇنىڭ تەمى تات-
لىق ، ئۇرۇقسىز ئىكەنلىكى ، يەرگە تىك-
سىلا ئەي بولىدىغانلىقى ، بۇخارا سورتلۇق
ئۈزۈمنىڭمۇ بارلىقى ، ئۈزۈمنىڭ كاتتىسى
كىشمىش ئىكەنلىكى ، يەنە «ئاق ھەم يو-
غان (دانلىق ) ئۈزۈمنىڭ بارلىقى ، ئۇنىڭ
7 ـ 8 ـ ئايلاردا پىشىدىغانلىقى ، سالقىندا
قۇرۇتۇپ ، قۇرۇق ئۈزۈم قىلغاندا ئۈزۈن
ساقلىغىلى بولىدىغانلىقى ، قۇرۇتۇلغان
ئۈزۈمنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەر-
گىچە ئاپىرىپ سېتىلىدىغانلىقى » يېزىل-
غان . ھۆججەتلەردە يەنە قەشقەرنىڭ قۇرۇق
ئۈزۈملىرى «سوۋغات بۇيۇمى » سۈپىتىدە
ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ سېتىلىدىغان-
لىقى خاتىرىلەنگەن .
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى
خەلقى جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بۈگۈنكى
كۈندە شىنجاڭدىكى ئۈزۈملەرنىڭ سورتلى-
رىنى كۆپەيتىپ نەچچە ئون خىلغا يەتكۈز-
دى . ھازىر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىما-
لىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈم ۋە
ئۈزۈم شارابى ئىشلەپچىقىرىلماقتا . باغۋەن-
چىلىك ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ،
ھازىر شىنجاڭ رايونىدا ئۆستۈرۈلىۋاتقان
ئۈزۈملەر ئومۇمەن ياۋروپا سورتلىرى
سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇنىڭ
كۆپ قىسمى شەرق سورتلىرى گۇرۇپپى-
سىغا كىرىدىكەن . ئاز بىر قىسمى قارا
دېڭىز بويلىرى سورتى گۇرۇپپىسىغا مەن-
سۇپ ئىكەن . شەرق سورتلىرى گۇرۇپپى-
سىدىكى ئۈزۈملەرنىڭ مەنبەسى ئاسىيانىڭ
غەربىي قىسمىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگەن
بولۇپ ، شىنجاڭدا ئۆستۈرۈش تارىخى ناھا-
يىتى ئۇزۇن . ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۈ-
زۈملەرنىڭ سورتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە ئىران ، ئاف-
غانىستان قاتارلىق جايلاردىن كىرگەن ،
يەنە بىر قىسمى ئۆزىنىڭ يەرلىك ئۈزۈم
سورتلىرى بولۇشى مۇمكىن . باغۋەنچىلىك
ئىلمىي جەھەتتىكى تەتقىقاتلار بىلەن يۇقى-
رىقى بايانلىرىمىزدىكى ئۈزۈمنىڭ ئەڭ بۇ-
رۇن يېتىشتۈرۈلگەن رايونى ئوتتۇرا دې-
ڭىزنىڭ شەرقى قىرغاقلىرى ۋە كىچىك
ئاسىيا ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئىدى ،
دېگەن قاراشلار ئۆزئارا ماس كېلىدۇ .

تەرجىمە قىلغۇچى :
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
تەرجىمە تەھرىرى : ياسىن ئەيسا

# قوچو ـ بېشبالىق يولى ۋە ئۇنى ياساشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

نىياز كېرىمى

قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولى شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى يوللارنىڭ بىرى، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۈچ مىڭ يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە.

مىلادىدىن ئىلگىرى بۇ رايوندا هۇنلار هۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەنە «ئالدى قوش بەگلىكى» بىلەن «ئارقا قوش بەگلىكى» ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم يول ئىدى. «ئالدى قوش بەگلىكى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا يەنى تەڭرىتاغنىڭ شەرقى جەنۇبىدا ئىدى. تۇرپاندىن ئۇدۇل تەڭرىتاغنى ئېشىپ چىققاندا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق شەھىرىگە باراتتى. بۇ شەھەرلەر تاكى بارىكۆلگە قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ بەگلىرى ئارقا قوش بەگلىكى دەپ ئاتىلاتتى»[1].

بېشبالىق قوش بەگلىكىنىڭ ئارقا پايتەختى بولۇپ، ھەممە يوللار تۇتاشقان مەركەز ئىدى. شەرقى خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 220 ـ، 25 ـ يىللار) گە كەلگەندە، بۇ يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن تەڭرىتاغ ئارقىلىق «بېشبالىق» قا ئۆتۈپ، ئاندىن غەربكە قاراپ مېڭىپ ئۇيسۇن (ئېلى)، چۇ ۋە تالاس دەريالىرى بويىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن كاسپىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق ئىرانغا بارىدىغان يېپەك يولىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. «تارىختىكى يېپەك يولى ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئومۇمەن يەنىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي ياقىلىرىنى بويلاپ، پامىردىن ئۆتىدىغان يوللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ شەرقىي خەن دەۋرىدىن تارتىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا يەنە بىر يول كۆپەيدى. بۇ يول تۇرپان ئويمانلىقىدىن تەڭرىتاغ ئارقىلىق جىمسارغا ئۆتۈپ ئاندىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ چۇ ۋە تالاس دەريالىرى بويىغا، ئۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ سىر دەريا ۋە ئامۇر دەريا ئەتراپىغا باراتتى»[2]

مىلادى 866 ـ يىلى قۇرۇلغان قوچو ئۇيغۇر ئېلى ۋاقتىغا كەلگەندە، بۇ يول قوچو خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى قوچو بىلەن يازلىق پايتەختى بېشبالىقنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندى. بۆرۈنقى تار ۋە ئېگىز ـ پەس يول ئەمدى ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى يولنى كېڭەيتىپ ئاتلىق قوشۇن ۋە تەخترىۋان بىمالال ماڭالايدىغان قىلدى. تا بۈگۈنگىچە «تاشتاتما» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تاش پەلەمپەيلەر ئەينى يىللاردا ئەجدادلىرىمىز كۆك تاشنى مىتىن بىلەن يونۇپ ياساپ چىققان پەلەمپەيلەردۇر. ئەينى ۋاقىتتا يول ياسىغۇچى قوشۇن يانقان تاش

ئۆتكەنلەرنىڭ قالدۇقى ھېلىمۇ تارىخنىڭ
شاھىدى سۈپىتىدە يالداما بولۇپ تۇرۇپتۇ .
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋر (1370 -
866 )گە كەلگەندە ، بۇ يولدا ماڭغۇچىلار
تېخىمۇ كۆپەيدى . ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا
سوزۇلغان سودا كارۋانلىرى ، دىپلوماتلار ،
دۆلەت ئەربابلىرى ، ئالىملار ، سەيياھلار ،
دىن تارقاتقۇچىلار ، ھەربىي قوشۇنلار ،
چارۋا - ماللار ئۈزلۈكسىز قاتنايدىغان
چوڭ يولغا ئايلاندى .

مىلادى 984 - 981 - يىللىرى سوڭ
سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې بۇ يولدا
ماڭغان ۋە خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان .
(ۋاڭ يەندى «قوچوغا ساياھەت» كە قارال-
سۇن ) شۇ يىللاردا يەنە قاراخانىلار خانى
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەلچىسى
ئارسلان ، سوڭ سۇلالىسى ئەلچىسى سوڭ
پەيلەرمۇ بۇ يولدىن ئۆتكەن . 1941 - يىلى
ئەنگلىيە سەيياھى ئاۋېرىل ستەيىن بېشبا-
لىقدىن چىقىپ تەڭرىتاغدىن ئېشىپ تۇر-
پانغا كەلگەن . ئۇ مۇنداق يازىدۇ . ( «مەن
بۇ يول بىلەن مېڭىپ تەڭرىتاغنىڭ قىلىن
قار بىلەن قاپلانغان ئاسمان پەلەك چوققى-
لىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بولۇقتا تاقاشقان ھەرە
چىشىگە ئوخشاش داۋاملاشقان بۆلەكلىرى-
نى ، ئېگىزلىكى 12000 فوت (3660
مېتىر ) كېلىدىغان چوققىلىرىنى بېسىپ
ئۆتتۇم » ستەيىن ( «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
قەدىمكى يوللار »غا قارالسۇن ) .

بۇ يول باشلىنىش ئورنىنىڭ ئوخشى-
ماسلىقىغا قاراپ - يارغول - بېشبالىق
يولى ۋە قوچو - بېشبالىق يولى دەپ ئىك-
كىگە بۆلىنىدۇ .

قوچو - بېشبالىق يولى تۇرپان ئاستا-
نىدىكى قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن چىقىپ
بۇيلۇق ، تارلاڭ ، ئۇلۇغ بۇلاقلار ئارقىلىق
يوغان تېرەككە كېلىپ ، يارغول - بېشبا-
لىق يولىغا قوشۇلىدۇ .

بۇ يوللارنىڭ مۇساپىلىرى توغرىسىدا
تارىختا ئۆتكەن سەيياھلارنىڭ يەكۈنى بىر-
دەك ئەمەس . سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
سەيياھ سوڭپەي قاتارلىق كىشىلەر قوچو
بىلەن بېشبالىقنىڭ ئارىلىقى 450 يول
كېلىدۇ دەپ يازغان . قوچو بىلەن يارغول-
نىڭ ئارىلىقى 80 يولنى چىقىرىۋەتسەك
370 يول قالىدۇ . گىرومىگىرىۋىچ سىز-
غان خەرىتە بويىچە ھېسابلىغاندا 345 يول
كېلىدۇ . ئاۋرېل ستەيىن سىزغان خەرىتە
بويىچە بولغاندا ئۇ يول 95 - 100 مىلغىچە
يەنى 380 يولدىن 400 يولغىچە كېلىدۇ .

مەن 1988 - يىلى 17 - ئىيول تۇر-
پان شەھىرى يارغول يېزىلىق ھۆكۈمىتى-
دىكى چارۋا مەسئۇلى ئابدۇخالىق ، قوغداش
كادىرى ئەخمەت قاتارلىق يولداشلارنىڭ
يول باشلىشى ئارقىسىدا بۇ يولنى كۆزدىن
كەچۈردۈم ۋە 100000 :1 ماسشتابلىق
يەر شەكلى خەرىتىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ
بەزى خەرىتىگە چۈشمەي قالغان جايلارنى
خەرىتىگە چۈشۈردۈم ، خەرىتىدىكى يەر نام-
لىرى بىلەن يەرلىك خەلق قوللىنىپ كې-
لىۋاتقان نامالارنى سېلىشتۇرۇپ خاتا جاي-
لىرىنى تۈزەتتىم . تەكشۈرگەن ئەھۋاللارغا
ئاساسەن ئۆتەڭلەرنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى
مۇساپىلارنى تۆۋەندىكىدەك ھې-
سابلاپ چىقتىم .

قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولىدىكى ئۆتەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىلىرى

| ئۆتەڭ ئىسمى | مۇساپىسى (يول ) | ئۆتەڭ ئىسمى | مۇساپىسى (يول ) |
| --- | --- | --- | --- |
| تۇرپان يېڭىشەھەر | 0 | ئاياغ تاشئۆڭكۈر | 181 |
| باش كېچىك | 60 | يۇقىرى تاشئۆڭكۈر | 186 |
| شاپتۇللۇق | 75 | قۇم داۋان | |
| سىڭاتاغ | | چوڭ داۋان بېشى[4] | 196 |
| ئېشەك داۋان[3] | 114 | باش كۆۋرۈك | 205 |
| چوقۇتام | 121 | پەن ئوپا | |
| يوغانتېرەك | 131 | چەنزىگەي | 251 |
| قارىغايتى | 149 | شىباخو يېنىدىكى ئاچال[5] | 295 |
| چىلەك تۇز | 164 | گۇچۇڭ | 363 |
| ئات ئويناق | 173 | بېشبالىق | 337 |

## قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولىنى ياساشنىڭ ئەھمىيىتى

ھازىر تۇرپاندىن گۇچۇڭغا بارىدىغان مۇھىم يول ئۈچ .

بىرىنچى ، تۇرپان ، داۋانچىڭ ، ئۈرۈمچى ، فۇكاڭ ۋە جىمسارلارنى بېسىپ گۇچۇڭغا بارىدىغان يول (ئاسفالىت يول ) ئومۇمىي مۇساپىسى 391 كىلومېتىر يەنى 782 يول .

ئىككىنچى ، تۇرپان ، پىچان ، يەتتىقۇدۇق ، مورىلارنى بېسىپ گۇچۇڭغا بارىدىغان يول (ئاسفالىت يول ) ئومۇمىي مۇساپىسى 453 كىلومېتىر يەنى 906 يول .

ئۈچىنچى ، قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولى ئارقىلىق گۇچۇڭغا بارىدىغان يول ئومۇمىي مۇساپىسى 181.5 كىلومېتىر يەنى 363 يول .

يۇقىرىدىكى ئۈچ يولنى سېلىشتۇرغاندا : قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولى ئەڭ قىسقا بولۇپ ، بىرىنچى يولدىن 210 كىلومېتىر يەنى 420 يول قىسقا ، ئىككىنچى يولدىن 272 كىلومېتىر يەنى 544 يول قىسقا . ئەگەر بۇ يول ياسالسا ، بىرىنچى ، تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن گۇچۇڭ ، جىمسار ، مورى ۋە ئالتايلارغا بارىدىغان يول كۆپ قىسقىرايدۇ . ئەگەر يىلىغا تەخمىنەن 10000 ماشىنا قېتىم قاتنىدى دېسەك (بۇ سان ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق ئەمەس ) يىلىغا 2100000 كىلومېتىر يول قىسقىرايدۇ . بىر كىلومېتىرنىڭ تەننەرخىنى 2 سوم دېسەك ئۇ ھالدا 4200000 سوم ئىقتىساد بولىدۇ .

ئىككىنچى ، تۇرپان ، گۇچۇڭ ، جىمسارلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئاسانلاپ ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، ۋاقىت ئىقتىساد بولىدۇ . ھەر بىر ماشىنىدا تەخمىنەن بەشتىن ئادەم قاتنايدۇ دېسەك (پاسازىر ئاپتوموبىلى بۇنىڭ ئىچىدە ) ئۇ ھالدا 50 مىڭ ئادەم قاتنايدۇ . بىرىپ كېلىشتە 2 كۈن ۋاقىت قىسقارسا ، ئۇ ھالدا بىر يىلدا يۈز مىڭ

ئىش كۈنى قىسقارغان بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، يول لىنىيىسى باشتىن - ئاخىر سۇدىن ئايرىلمايدۇ ، شۇنداقلا بۇ يول رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى بىلەن قاپلانغان چىرايلىق يايلاقلارنى ۋە قېلىن قارىغايلىقلارنى ، بۇلۇتقا تاقاشقان قارلىق چوققىلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا مەنزىرىسى گۈزەل ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ .

## يول ياساش تەننەرقى توغرىسىدا

بۇ يولنىڭ تۇرپاندىن شاپتۇللۇقىچە بولغان 28 كىلومېتىر قىسمى ئاسفالىت يول ، شاپتۇللۇقتىن ئاياغ تاش ئۆڭكۈرگىچە بولغان 52 كىلومېتىر قىسمى ئاددىي تاشيول . ئېگىز - پەس جايلىرىنى تۈزلەپ ئاسفالىت ياتقۇزسىلا بولىدۇ . ئاياغ تاش ئۆڭكۈردىن چەنزىگەيگىچە بولغان 35 كىلومېتىر قىسمى ئۇلاق ماڭالايدىغان ، ھارۋا ، ماشىنىلار ماڭالمايدىغان يول ، چەنزىگەيدىن گۈچۈڭغىچە بولغان 84 كىلومېتىر قىسمى تەييار ئاسفالىت يول .

دېمەك ، كېڭەيتىپ ياسايدىغان قىسمى 87 كىلومېتىر بولۇپ ، بۇنىڭ 52 كىلومېتىرى بىر قېتىم ياسالغان ، ھازىر ماشىنا قاتنىيالايدۇ . شۇڭا ياساش ئانچە قىيىن ئەمەس . قالغان 35 كىلومېتىر قىسمى ماشىنا ماڭالمايدىغان تاغ رايونى بولۇپ ، ياساش ئۈچۈن خېلى كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىنىدۇ . مېنىڭچە ، بۇ يولنى ياساش ئۈرۈمچى - كورلا يولى بىلەن غۇلجا - كۈچار ، مايتاغ - كۈچار يوللىرىغا قارىغاندا كۆپ ئاسان ، شۇنىسى ھەممىدىن مۇھىمكى ، تۇرپان خەلقى بىلەن گۈچۈڭ (توقماق) خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا ئۆزئارا بېرىپ كېلىش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپاندا مېۋە - چېۋە كۆپ ، ئاشلىق مول . تارىختىن بۇيان بۇ ئىككى يۇرت بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ئۆزئارا ئىقتىسادىي جەھەتتە قويۇق ئالاق باغلاپ كەلگەن . ئەگەر يول ياسالسا بۇ ئىككى يۇرتنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ پايدىسى كۆپ .

ئىزاھات :

① «تۈرك مەدەنىيىتى تارىخىغا كىرىش سۆز» ، 94 - ، 109 - بەتلەر .

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئۇيغۇرچە1 - نەشرى . 1 - قىسىم ، 9 - بەت .

③ ئېشەك داۋان بېشى دېڭىز يۈزىدىن 1600 مېتىر ئېگىز .

④ چوڭ داۋان بېشى - تەڭرىتاغنىڭ سۇ بۆلگۈچ نۇقتىسى بولۇپ ، بۇ يولدىكى ئەڭ ئېگىز جاي دېڭىز يۈزىدىن 2609 مېتىر ئېگىز .

⑤ شىباخو يېنىدىكى ئاچال - ئۈرۈمچى - گۈچۈڭ تاشيولى ئۈستىدىكى ئاچال بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنى شىباخو بىلەن جىمسار ئارىلىقىدا ، ئاچالدىن جىمسارغا 16 يول ، بېشبالىق 42 يول ، گۈچۈڭ 68 يول .

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى : شىنجاڭ نېفىت ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى : ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «تۇقسۇن» ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

ئەشرەپ ئابدۇللا

توقسۇن ـ دۇنياغا مەشھۇر يىپەك
يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بىرى تۇر-
پان بىلەن قوشنا بولۇپ، توقسۇننىڭ ئوي-
مانبولاق، ئالغوي قەدىمكى ئىزى، كۆ-
جەي، چولاق كارىزدىكى قەدىمكى قەبرىس-
تانلىقلاردىن، قاغىچاق، چەكمەنكارىز،
ئۇستىغول، ئېۋىرغول، بوستان قەدىمكى
قەبرىلىرىدىن تېپىلغان خىلمۇ خىل يادى-
كارلىقلار، پارچەشاغال يېڭى تاش قورال
خارابىسى، «تاغ ئېلى» (山国) خارابى-
سى، ئوبان قەلئەسى، يىلانلىق قەلئەسى،
ئۇستۇنغول قەدىمكى تۆبۈت يېزىقى ئويمى-
سى، پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرى،
توغراق بۇلاق قىياتاش رەسىملىرى، تاش
ئويما سۇ سىستېمىسى خەرىتىسى (مۇقاۋى-
نىڭ 3 ـ بېتىگە قاراڭ)، بوستان جامە-
سى قاتارلىقلار توقسۇننىڭ ئۇزۇن تارىخقا
ئىگە قەدىمىي يۇرت ئىكەنلىكىنى، بۇ جايدا
ئەجدادلارنىڭ مول مەدەنىيەت ياراتقانلىقى-
نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يىپەك يولى قاتنىشىدا مۇھىم رول
ئويناپ كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەتكە ئىگە
توقسۇننىڭ نامى ۋە بۇ نامنىڭ كېلىپ
چىقىشى ھەققىدە ئۇزۇندىن بۇ-
يان بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلار
ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. بۇ قاراشلار
تۆۋەندىكىچە:

1. بۈيۈك تىل ئالىمى مەھمۇد كاش-
غەرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغە-
تىت تۈرك»دە خاتىرىلەنگەن «توقسەن: بۇ
سۆزنىڭ ئەسلىسى ‹توقسۇن ئون ـ توققۇز
كەرە ئون›، بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز
بىرلىشىپ كەتكەن» (1 ـ توم 569 ـ
بەت) دېگەن ئىزاھاتىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا
قويۇلغان «توقسۇن ـ توققۇز، ئوندىن ئى-
بارەت ئىككى ساننىڭ بىرىكىشىدىن تۈ-
زۈلگەن سۆز. سان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدى-
غان بۇ نام ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەر-
يانىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ
‹توقسان›دىن ‹توقسۇن› بولۇپ ئۆزگەر-
گەن» دېگەن قاراش.

2. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانى-
لىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»گە ئاساسلىنىپ
ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئوغۇزخان ھەربىي
يۈرۈشىدە، قوشۇننى ئارام ئالدۇرۇش ئۈ-
چۈن ‹قوشۇن يۈرۈشنى توختاتسۇن!›
دەپ بىر بۇيرۇق بىلەن قوشۇننى توختات-
قان، شۇنىڭ بىلەن ‹توختاتسۇن›، ‹توخ-
تاسۇن›غا، ‹توختاسۇن›، ‹توخسۇن›غا
ئۆزگىرىپ، ‹توقسۇن› دېگەن نام شەكىل-
لەنگەن» دېگەن قاراش («ئۈرۈمچى كەچ-
لىك گېزىتى»، 4149 ـ سان»).

3. مەشھۇر تۈركولوگ، ئۇيغۇر مەدە-
نىيىتى تەتقىقاتچىسى، تۇرپانشۇناس ئا.
ۋ. گابائىن خانىم (1901 ـ 1993) ياز-
غان «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى»
دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىگە ئالغان «
toqsin—taqi yeti eli ـ توقسىن ـ تاقى

يەتتە ئېلى» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى نېمىسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا «توقسىن ـ يەتتە ئورتاق گەۋدىنى باشقۇرۇش ئورگىنى» دەپ ئېلىپ ، « toqsin ـ هازىرقى توقسۇننى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان . دېمەك توقسۇن دېگەن نام گابائىن خانىم ئوتتۇرىغا قويغان «TOQSIN ـ توقسىن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش .

4 . توقسۇن يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا ، تارىختا جەنۇپ ، شىمال ۋە شەرقتىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى دەل مۇشۇ ئويمانلىقتىكى چوڭ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئۆت ـ چۆپلۈكلەر ۋە بۇلاق تۈۋلىرىگە چۈشكۈن قىلىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختىغان . ئۇلار بۇ يەردە غىزالىنىپ ، ئات ـ ئۇلاغلىرىغا قوناق قاتارلىق بوغۇزلارنى بېرىپ بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ، سەھەر تۇرۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان (هازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەينى ۋاقىتتا توقسۇنغا چۈشكۈن قىلغان سودا كارۋانلىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرى چېچىۋەتكەن قوناقلاردىن بۇ زېمىندا قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە قوناقلار ئۈنۈپ ، مېۋىلەر ۋە زىرائەتلەر ئوخشاپ كەتكەن ئىكەن دېگەن رىۋايەتلەر بار ) .

سودا كارۋانلىرىنىڭ تەكرار توختاپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ، بۇ جاي كىشىلەر تەرىپىدىن تەبىئىي هالدا « توختاپ ئۆتىدىغان جاي» دەپ ئاتالغان . كېيىن بۇ جاينىڭ نامى قىسقىراپ «توختاسۇن» بولغان . «توختاسۇن» يەنە ئۆزگىرىش ياساپ «توختىسۇن» ـ غا ، «توختىسۇن» ئاخىرى «توقسۇن» غا ئۆزگەرگەن ، دېگەن قاراش .

5 . يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە هازىرقى توقسۇن ئەتراپىدىكى تاغ ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان خەلق ئارىسىدىن پەقەت توقسان ئائىلىلىك كىشى توقسۇن ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ، كېيىن مۇشۇ «توقسان» سۆزى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توقسۇن» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەن ، دېگەن قاراش .

6 . رۇسىيە تۈركشۇناسى ۋ ، ۋ . رادلوف تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇنى هۆججەتلەر » دېگەن كىتابنىڭ 90 ـ بېتىدە «توقسىن» دېگەن ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان . رادلوف كىتابىدا نەقىل ئالغان 12ـ 13ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان بۇ هۆججەتتىكى «توقسىن» هازىرقى «توخسۇن» دېگەن نامنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قاراش .

7 . توقسۇن خەلقى ئارىسىدا يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان : بۇرۇنقى زاماندا داۋانچىڭدىن بىر ئۇلۇغ سۇ توقسۇن ئويمانلىقىغا ئېقىپ بېرىپ ، توقسۇننىڭ شەرق تەرىپىدە (هازىرقى شاھ يېزىسى تەۋەلىكىدە ) بىر كۆلنى بىنا قىلغان ئىكەن . ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ، كۆل سۈيى سوغۇلۇپ ئەتراپىدا مۇنبەت يەرنەر بىنا بولغان . بۇ چاغدا تۇرپاندىن بىر بۆلەك ئادەملەر بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ، بۇ مۇنبەت تۇپراقتا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان ، كېيىن كىشىلەر سۇ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆلگە بىر توغان سالغان ، توغان بىلەن يىغىلغان سۇنى خەلق «توغانسۇ» دەپ ئاتە-

غان ئىكەن . يۇقىرىقى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان «توغانسۇ» دېگەن بۇ سۆز «توقسۇن» دېگەن ئاتالغۇنىڭ دەسلەپكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قاراش .

8 . بۇرۇن تۇرپاندىن توقسان ئائىلىلىك ئادەم توقسۇن ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . ئۇلار بۇ يەردە هايات كەچۈرۈش جەريانىدا ، توقسان ئائىلىلىك ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈش تارىخىنى خاتىرىلىگەن . نەتىجىدە «توقسان» سۆزى مۇقىم ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغان . «توقسان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ كېيىن «توقسۇن» بولغان ، دېگەن قاراش .

9 . «يۈەن سۇلالىسى . قوچو تەزكىرىسى» — دە گاباشىن خانىم قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەتلەردىن نەقىل ئالغان toqsin ئاتالغۇسىغا ئاهاڭداش كەلگەن «توقسىن — 他古新 » دېگەن سۆزنى خاتىرىگە ئالغان . دەل مۇشۇ سۆزگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان «توقسۇن» سۆزى تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ «توقسۇن» بولغان دېگەن قاراش .

10 . قەدىمكى تۇرپان تۇرلار ماكانى بولۇپ ، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان تۇرلار بىنا قىلىنغان ، ئەنە شۇ تۇرلارنىڭ بىر قىسمى هازىرقى توقسۇن تەۋەسىدە بولغان ، بۇ تۇرلارنىڭ ئىچىدە توققۇز تۇرنىڭ نامى مەشھۇر بولۇپ ، بۇلار : ساي ئوت تۇرى ، ئالغوي ئوت تۇرى ، پاقىلىق ئوت تۇرى ، چىغبۇلاق ئوت تۇرى ، دادۇڭ ئوت تۇرى ، كۆك ئوت تۇرى ، بوغان ئوت تۇرى ، ئۇستىغۇل ئوت تۇرى ، هاسا ئوت تۇرى ، تارىختا مۇشۇ تۇرلارنىڭ نامى بىلەن بۇ يەر «توققۇز تۇر» دەپ ئاتالغان ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئاتالغۇدىكى توققۇز ئاساسىدا «توقسۇن» دېگەن نام بارلىققا كەلگەن ، دېگەن قاراش .

«توقسۇن» نامى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»دە خاتىرىگە ئالغان «توقسان» دېگەن سۆزدىن «توقسۇن» دېگەن نام كېلىپ چىققان . «توقسان» سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى «توقۇز — ئون tokuz on — توققۇز كەرە ئون» بولۇپ ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن ، دەپ ئىزاهات بەرگەن . ئەمما ھەرگىز «توقسان سۆزى مەلۇم بىر يۇرتنىڭ ياكى بولمىسا قوچو دائىرىسىدىكى يەرنىڭ نامى ئىدى» دەپ كونكرېت ئىزاهات بەرمىگەن .

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دىن ئالغان «توختاسۇن» دېگەن سۆزدىن «توقسۇن» دېگەن نام كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنىڭمۇ يېتەرلىك ئاساسى يوق . «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان ھەربىي يۈرۈش قىلىپ بارغان نۇرغۇنلىغان جايلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان . ئەمما ، ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا قوشۇننى توختاتقان جاينى بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەل — يۇرتلارنىڭ نامى قاتارىدا مەلۇم بىر يۇرتنىڭ نامى ئىدى ، دەپ ئېنىق كۆرسەتمىگەن ھەم «ئوغۇزنامە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر — جاي نامى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردىمۇ بۇنداق تەبىر يوق .

تۇرپان ۋە توقسۇن ئەتراپىدىكى تاغ ئېتەكلىرىدىن قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توقسۇن ئويمانلىقىغا پەقەت توقسان ئائىلىلىكلا ئادەم كۆچۈپ كەلگەن ئىدى ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇقىم سان

توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەت خاراكتېرلىك ماتېرىياللارمۇ ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنى يوق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا گاباىن خانىم، رادلوف ئەسەرلىرىدە ھەم «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، قوچو تەزكىرىسى»دە ئوتتۇرىغا قويغان « toqsin – 他古新 » سۆزلىرىدىن «توقسۇن» نامى بارلىققا كەلگەن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، «توقسىن» سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەئى ۋە «توقسۇن» سۆزىنىڭ ياسىلىش جەريانىنى ئېنىق كۆرسەتمىگەن.

يەر جاي نامى دۇنيادىكى مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى، خەلقئارادىكى تىل ئالىملىرى، ئۆرپ - ئادەت تەتقىقاتچىلىرى، تەزكىرىشۇناسلار ئىزچىل تۈردە بۇ تېما ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ كەلدى. يەر - جاي نامىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتى، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆزگىچە خاس تۇرمۇش ئەھۋالى، كۆز قارىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئومۇملۇققا ئىگە، يۇقىرىقى ئامىللاردىن باشقا يەر - جاي نامىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا، باشقا جايلاردىكى ئادەملەرنىڭ ئاشۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى، ئادىتى، تارىخىي كېلىپ چىقىشى، ئېتىقادى، تۇرمۇشى ۋە ئورنىغا ئاساسلىنىپ، ئاشۇ جايغا بەرگەن باھاسى ھەم چۈشەنچىلىرى بىلەنمۇ يۇرت نامىلىرى قويۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار ھەم بار.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يەر - جاي نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قائىدە - پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ «توقسۇن» دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويىمەن.

«توقسۇن» دېگەن يەر نامى توقسۇن بوستانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، توقسۇننىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، توقسۇن خەلقىنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى، چۈشەنچىلىرى، قىسقىسى توقسۇننىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

توقسۇن - يەر تۈزۈلۈشى ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتە شىمال، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، شەرق تەرىپى تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئويمانلىقتىن ئىبارەت.

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ھازىرقى توقسۇن ئويمانلىقىدا ئىنسانلار ۋە دېھقانچىلىق قىلىدىغان كەڭ بوستانلىقلار يوق بولۇپ، بو ئويمانلىقتا ناھايىتى كۆپ كۆل ۋە كۆلچەكلەر، بۇلاقلار سازلىقلار ۋە چوڭ- كىچىك ساي - ئېقىنلار بولغان. بۇ ئېقىنلار تۆۋەندىكى ئىككى مەنبەدىن شەكىللەنگەن. بىرى توقسۇن ئويمانلىقىدا ئەسلىدە بار بولغان نۇرغۇنلىغان بۇلاق سۇلىرىدىن؛ يەنە بىرى تەڭنىسىمان ھالەتتىكى بۇ ئويمانلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلاردىكى نۇرغۇن ئېغىزلاردىن كەلگەن سۇلارنىڭ توقسۇن ئويمانلىقىدىكى بۇلاق سۇلىرىغا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. توقسۇن ئەتراپىدىكى ناھايىتى كۆپ ئېغىزلار ئىچىدە پەقەت توققۇز ئېغىزنىڭ سۈيى ئۇلۇغ كەلگەن. شۇڭا بۇ ئېغىزلارنى توقسۇندىكى ئۇيغۇرلار ئارغۇ بۇلاق ئېغىزى، قوشتېرەك ئېغىزى، كۆك

ئېنەك ئېغىزى ، زورمۇتا ئېغىزى ، ئۇس-
تۇنغۇل ئېغىزى ، ئالغوي ئېغىزى ، ئۇرە-
غۇل ئېغىزى ، ياغاچ بېشى ئېغىزى ، بايتو-
قاي ئېغىزى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە .

دېمەك ، ئىككى مەنبەدىن كەلگەن سۇ
بىلەن يىللارنىڭ ئۆتۈشى ئارقىسىدا ، توق-
سۇن ئويمانلىقىدا چوڭ ئېقىنلار شەكىل-
لەنگەن ، ئېقىنلار ئۇرغۇنلىغان دۆڭلۈكلەر
پەيدا بولغان ، دۆڭلەردە قويۇق قومۇشلار
ئۆسكەن . تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئېگىزلىك-
لەردە ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەر ، قومۇش-
لار ، يۇلغۇنلار ئۆسكەن .

ئىراق قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان
ئەجدادلار تاغ ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلاردا ،
قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق ،
چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن ئى-
دى . خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن «خەن-
نامە . غەربىي دىيار تەزكىرىسى»دە «بۇ
ئەل تاغقا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تاغ ئېلى
دەپ نام ئالغان» دەپ خاتىرىلىنىپ ، غەر-
بىي ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە غەربىي
دىياردا بولغان 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان
«تاغ ئېلى» ( 山国 )نىڭ ئورنىنى توق-
سۇن ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىقتا
دەپ كۆرسىتىلگەن . دېمەك ، خەنزۇچە تا-
رىخىي مەنبەلەردىكى توقسۇننى «تاغ ئېلى-
山国 » دەپ ئاتاشمۇ يۇقىرىقى قارىشىمىز-
نىڭ توغرا ، ئىلمىي ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لايدۇ .

توقسۇن تارىخي ھەققىدە خېلى قىم-
مەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان
سەدۇللا تاھىرى («توقسۇن تارىخي ماتې-
رىياللىرى»نى يېزىش گۇرۇپپىسىدا خىز-
مەت قىلىدۇ ) ئۆزىنىڭ « ‹بوغان يولى ئې-
لى ، ۋە بۈگۈنكى توقسۇن» دېگەن ماقالى-
سىدە تارىخىي پاكىتلار ۋە بىرىنچى قول
ماتېرىياللار ئارقىلىق بوغان يولى ئېلىنىڭ
تۆرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن توقسۇن ئەتراپىدىكى تاغ ئې-
تەكلىرىدىكى ئېگىز جايدىن باسقۇچلۇق
ھالدا توقسۇن ئويمانلىقىغا قاراپ كۆچۈپ ،
ئاخىرىدا «شەھىرى ئىزىم» دېگەن شەھەرنى
شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن تاغ ئېتەكلىرىدە
ياشىغان ئەجدادلىرىمىز توقسۇن ئويمانلى-
قىغا قاراپ كۆچىدۇ ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سە-
ۋەب شۇكى ، بىز يۇقىرىدا ئالاھىدە تىلغا
ئالغان توققۇز ئېغىزدىن توقسۇن ئويمانلى-
قىغا ئېقىپ كېلىدىغان ئۇلۇغ سۇلار يىل-
لارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سوغۇلۇپ پەقەت بىر
قانچە ئېغىزدىنلا سۇ كېلىدىغان بولۇپ قال-
غان . نەتىجىدە توقسۇن ئويمانلىقىدىكى
دەريانىڭ چوڭ سۇ مەنبەسى ئازىيىپ ، ئوي-
مانلىقتىكى دەريا بارا ـ بارا يوقالغان .
ئاخىرىدا ئەسلىدىكى بۇلاقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان سازلىقلارلا قېلىپ ، ھازىرقى توق-
سۇن ئويمانلىقى شەكىللەنگەن . بۇرۇن
ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئېتەكلىرىدە
ماڭىدىغان سودا كارۋانلىرى ئەمدىلىكتە
توقسۇن ئويمانلىقىنى كېسىپ ماڭىدىغان
بولغان . ئەجدادلار بولسا بارا ـ بارا بۇ
ئويمانلىققا كۆچۈپ كېلىپ ، يەر ئېچىپ
ئۆزلەشتۈرۈپ ، چارۋىچىلىقنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان دېھقانلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن
شۇغۇللىنىپ ، توقسۇن بوستانلىقىنى بەرپا
قىلغان . توقسۇن بوستان يېزىغا تەۋە سې-
رىق دۆڭ دەپ ئاتالغان جايدىن تا شاھ
يېزىغا تەۋە قارغىچاققىچە بولغان ئۇزۇن
ئارىلىقتا ئۇرغۇنلىغان سېرىق دۆڭلەردىكى
قۇرىغان قومۇش يىلتىزلىرىنىڭ توقسۇن-

لۇقلار تەرىپىدىن «چىم ئۇتۇن» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماددىي پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ھازىرقى توقسۇن ئويمانلىقىنىڭ ئېنى ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا، توققۇز سۇ يىغىلىدىغان جايغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا 7، 9، 40 قاتارلىق سانلارنى خاسىيەتلىك سان ھېسابلايدىغان قاراشتا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ سانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغىنى 9، بولۇپمۇ 9 نى مۇقەددەس خاسىيەتلىك سان دەيدىغان چۈشەنچە توقسۇندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك. بۇ سان تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە بۇ ھەقتە تارقالغان قوشاق، چۆچەكلەر ھەم ماقال ـ تەمسىللەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. دەل مۇشۇنداق 9نى خاسىيەتلىك سان ھېسابلايدىغان ئەھۋال بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلەرنى 9 سان ئۆلچىمىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. مەسىلەن، تورپان تەۋەسىدە ناھايىتى كۆپ تۇرلار بولسىمۇ، ئەمما توقسۇندىكى تۇرلارنى پەقەت 9غا يىغىنچاقلىغان. يەنە توقسۇن ئەتراپىدىكى تاغلاردا ناھايىتى كۆپ ئېقىنلار بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار بۇ ئېقىنلارنى 9 غا يىغىنچاقلاپ، توقسۇن ئويمانلىقىغا قويۇلىدىغان ئۇلۇغ سۇلارنىمۇ «توققۇز سۇ» دەپ ئاتىغان.

دېمەك، توقسۇندىكى ئۇيغۇرلاردا 9 خاسىيەتلىك، ئۇ بەرىكەتنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، 9نى ئۇلۇغلايدىغان چۈشەنچە، 9 نى كۆپ نەرسىلەرگە باغلاپ ئاتايدىغان ئەھۋال ساقلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەھلىل قىلساق، ئۇيغۇرلاردا سۇنى ئۇلۇغلايدىغان، سۇغا چوقۇنىدىغان ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز.

تارىختا ئۇيغۇرلار ئۆز ئىسىملىرى بىلەن تەڭ سۇنى قوشۇپ ئاتايدىغان، شۇنداقلا يەر ـ جاي ناملىرىغىمۇ سۇنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەتلەرنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، كۆل بىلگە خاقان، كۆلتېكىن، بىلگە كۆل قادىرخان، بۇلاردىن باشقا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئوغۇزخاننىڭ كۆك ئايالىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ بىرىگە «دەريا» دەپ ئىسىم قويۇشى، «بۆكۈخان رىۋايىتى»دە بۆكۈخاننى سۇ ئىلاھىدىن تۆرەلگەن قىلىپ تەسۋىرلىشى قاتارلىقلار. سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئادەت توقسۇندىكى ئەجدادلار ئارىسىدىمۇ قويۇق ساقلانغان.

سۇغا چوقۇنۇش، سۇنى مۇقەددەس ھېسابلاش توقسۇندىمۇ ئۇزۇن تارىختا ئىگە، ئەجدادلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا، يەنى توقسۇن ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن سۇغا چوقۇنۇشنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى بولغان «توقسۇن سۇ سىستېمىسى تاش ئويما خەرىتىسى»نى ناھايىتى چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە سىزىپ ئويۇپ چىققان. تاشتا ناھايىتى گەۋدىلىك قىلىپ سۇ ئېقىنلار ۋە كۆللەرنىڭ شەكلىنى ئويۇپ كۆرسەتكەن. (مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىگە قاراڭ) ئۇنىڭدىن باشقا توقسۇندا سۇ قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان يەر ـ جاي ناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قاراسۇ، سۇ بېشى، ئاق بۇلاق، شور بۇلاق، توغ-

راق بۇلاق، تۈنۈر بۇلاق، يىلان بۇلاق، ئويمانبۇلاق، بۆرىبۇلاق، ئارغۇ بۇلاق، يىلان بۇلاق، قارا بۇلاق، ئاخۇن كارىز، شور كارىز، لايسۇ، ئاقباش كارىز، روزىھاجى كارىزى، رەھىمباي كارىزى قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، تۇقسۇن ئاتالغۇسى ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، بۇ نام توقسۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن توققۇز سۇ يىغىلىدىغان جاي دېگەن مەنىدىكى «توققۇز سۇ» دېگەن سۆزدىن، ھەم ئەجدادلارنىڭ سۇ ئىبتىقادى، شۇنىڭدەك مۇقەددەس خاسىيەتلىك سان توققۇز چۈشەنچىسى ئاساسىدا بىرىكتۈرۈلگەن «توققۇز سۇ» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توققۇزسۇ» سۆزىدىن «قۇز» بوغۇمى چۈشۈپ قېلىپ كىشىلەر تەرىپىدىن «ن» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «توقسۇن» ئاتالغۇسى بارلىققا كەلگەن دەپ قارايمەن.

پايدىلانمىلار:


1. مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. ئا. ۋ. گابائىن خانىم: «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى نېمىسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان نۇسخا.

3. يۇۋىيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى تەرەققىيات تارىخي ۋە يەر نامى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

4. سەدۇللا تاھىرى: «بوغان يولى ئېلى ۋە بۇگۇنكى توقسۇن»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 1998- يىلى 3 - سان.

5. توقسۇن ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزدۈرگەن: «توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتاب، 1992 - يىلى 9 - ئاي.

6. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، ئومۇمىي 4149 - سان.


(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنىڭ بايقىلىشى

دۇنخۇاڭ – قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئالدىنقى جىن سۇلالىسى جيەنيۈەننىڭ 2 – يىلى (مىلادى 366 – يىلى ) دۇنخۇاڭدىكى تۇنجى تاش غار كولانغان . شۇنىڭدىن كېيىن دۇنخۇاڭدا نۇرغۇن تاش غارلار كولىنىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تاش غارلار 1000 دىن ئېشىپ دۇنخۇاڭ ھەقىقىي ئىسمى – قىسمىغا لايىق بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس ئۇچىقىدىن بىرىگە ئايلانغان . شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى جىڭيۇنىڭ 2 – يىلى (مىلادى 1035 – يىلى ) دۇنخۇاڭ غەربىي شيا سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن دۇنخۇاڭدىكى راھىبلار كۆچۈپ كېتىپ دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . 1900 – يىلىغا كەلگەندە دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىكى ھۆججەتلەر بايقالغان . بۇ ھۆججەتلەر مىلادى 4 – ئەسىردىن مىلادى 10 – ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردىكى ھەر خىل بۇددا دىنى سۇترالىرى ، تارىخىي ھۆججەتلەر بولۇپ ، ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، سانسكرىتچە ، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ) يېزىقىدا يېزىلغان .

## 1 . چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى

ستەيىن (1862 – 1943) – ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ، ئارخېئولوگ ، يازغۇچى ، يەھۇدى نەسەبىدىن بولغان غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىكى تېپىك مەدەنىيەت قاراقچىسى . ئۇ ئىلگەرى- ئاخىرى غەربىي يۇرتقا ئۈچ قېتىم كەلگەن . ئۇ 1907 – يىلى دۇنخۇاڭغا كېلىپ پۇل ۋە باشقا تۈرلۈك ۋاستە ، ھىيلە- مىكىر بىلەن دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنى (جەمئىي 29 ساندۇقتىن ئارتۇق ) ئوغرىلاپ كەتكەن . بۇ ھۆججەتلەر ھازىر ئەنگلىيىدە ساقلانماقتا . ئۇ غەربىي يۇرتتىكى تەسىراتىغا ئاساسەن «غەربىي يۇرت» (بەش توملۇق ) ، «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» (تۆت توملۇق ) ۋە «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان . بۇ كىتابلار غەربىي يۇرت تارىخ تەتقىقاتىدا زور قىممەتكە ئىگە .

پېللىئوت (1878 – 1945) –- فرانسۇز شەرقشۇناسى ، خەنزۇ تىلىغا پىششىق . 1908 – يىلى دۇنخۇاڭغا كېلىپ ۋاڭ راھىب بىلەن ئۇچرىشىپ 500 سەر تەڭگە كۈمۈشكە 5000 پارچە دۇنخۇاڭ ھۆججىتىنى سېتىۋېلىپ ، 24 ساندۇققا قاچىلاپ فرانسىيىگە ئېلىپ كەتكەن ، بۇ ھۆججەتلەر ھازىر فرانسىيىدە ساقلانماقتا .

1900 – يىلىدىن ئىلگىرى چۆچەكتىكى رۇس سودىگەرلەر گورۇپپىسى دۇنخۇاڭغا كېلىپ ساختىپەزلىك ۋاستىسى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى لاما دىنى راھىبىدىن سانسكرىتچە ، تۇبۇتچە ، ئۇيغۇرچە ھۆججەتنى ئوغرىلاپ ، چۆچەكتە تۇرۇشلۇق رۇس كونسۇلىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . 1905 –

1906 ـ يىللىرى رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى دۇنخۇاڭدىن يەنە بىر تۈركۈم تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن. 1914 ـ 1915 ـ يىللىرى رۇسىيىلىك مەدەنىيەت ئوغرىلىرى دۇنخۇاڭدىن 3000 پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەتنى ئوغرىلاپ كەتكەن. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى 10,000 پارچىدىن ئاشىدۇ.

ئوتانى كوزى (1876 ـ 1948) ياپونىيە بۇددىزمىنىڭ مەشھۇر پېشۋاسى. ئۇ غەربىي يۇرتقا ئۈچ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەۋەتىپ دۇنخۇاڭدىن 1000 پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەتنى ئوغرىلاپ كەتكەن. بۇ ھۆججەتلەر ھازىر ياپونىيىدە ساقلانماقتا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلانماقتا.

**2. دۆلىتىمىزدىكى دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى**

1909 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنى بېيجىڭغا ئېلىپ كەلگەن، بۇ ھۆججەتلەر 10,000 پارچىدىن ئاشىدۇ. ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

1919 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىغا تاپشۇرۇلغان. ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، دۇنخۇاڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى 14,000 پارچىدىن ئاشىدۇ.

تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ تەيبېي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى 153 پارچە، تەيۋەندىكى دۇنخۇاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ قول يازمىلىرى 60 جىلد. تەيبېي تارىخ مۇزېيى 1964 ـ يىلى دۇنخۇاڭ قول يازمىلىرىدىن 20 جىلد كىرگۈزگەن. بۇنىڭدىن باشقا تەيبېي تارىخ ـ تىل تەتقىقات ئورنى بىلەن بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

يۇقىرىقىدىن باشقا ھازىر شاڭخەي كۇتۇپخانىسى، نەنجىڭ كۇتۇپخانىسى، جېجياڭ كۇتۇپخانىسى، گەنسۇ كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، جۇڭگو تارىخ مۇزېيى قاتارلىق چوڭ كۇتۇپخانا، مۇزېيلار (بولۇپمۇ بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى) قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە بىر قىسىم شەخسلەردە دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى (قول يازمىلىرى) ساقلانماقتا.

دۇنخۇاڭ ـ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىدە زور بىر تۈركۈم تارىخ مىللىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. بولۇپمۇ دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ، تەرجىمان ۋە رەسساملىرىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە نادىر ئەسەرلىرى ساقلانماقتا.

# «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ، ھەم تۇرپان ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ، ئىلمىي جەمئىيەت «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى . بۇ خىزمەت تۇرپانشۇناسلىقنى ئۆز ماكانىدا گۈللەندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە ، تۇرپانىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك .

ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ئاستىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ ژۇرنال چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى رەسمىيەتلەر ئىشلەپ بولۇندى ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە :

I ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى

بۇ ژۇرنال نۆۋەتتە ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان بولۇپ ، قايسى ۋاقىتتا ئۇچۇق ـ ئاشكارا تارقىتىلىدىغانلىقى بۇندىن كېيىنكى ژۇنالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ .

II ژۇرنالنىڭ نامى

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»

ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە بىر ۋاقىتتا نەشر قىلىنىدۇ .

III بىر يىلدا تۆت سان (ئۇيغۇرچە ئىككى سان ، خەنزۇچە ئىككى سان ) چىقىدۇ .

IV باشقۇرغۇچى ئورۇن

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

V نەشر قىلغۇچى ئورۇن

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» تەھرىراتى

VI ژۇرنال خىراجىتى

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يىللىق خامچوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ .

VII ژۇرنال چىقىرىش شەكلى

1 . تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇش

2 . تەھرىرات قۇرۇش ، تەھرىراتنى ئورۇمچىدە تەسىس قىلىش

كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى :
ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇقنى ئۇيغۇرچە ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەكلىپ قىلدۇق .

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى :
مۇدىر : ئابلا قاسىم
مۇئاۋىن مۇدىر : ئابلىم قېيۇم ، ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى :
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە )
ئابدۇگۇل ئابلىمىت ، ئابدۇقېيۇم خوجا ، ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق ، ئەركىن مىجىت ، ئەنۋەر مۇھەممەت ، زۇلپىيە مۇھەممەت ، سابىت ئەخمەت ، قادىر ئىسمايىل ، ليۇ خۇڭلياڭ ، نيۇرۇجى ، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ، ئۆمەر ئابدۇقادىر ، ئىسراپىل يۇسۇپ ، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل
باش مۇھەررىر : ئابلىم قېيۇم (كاندىدات تەتقىقاتچى )
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر (تەكلىپ قىلىنغان ) :
ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )
ژۇرنال تەھرىرلىرى : ئابدۇگۇل ئابلىمىت ، ئۆمەر ئابدۇقادىر ، زۇلپىيە مۇھەممەت

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى
تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

2000 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى نەشر قىلىدىغان ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، بۇنىڭدا، تۇرپاننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى تېپىلمىلىرى، مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرى، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىن، ھەربىي ئىشلار، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئېگىلىك، باغۋەنچىلىك - ئۈزۈمچىلىك، كارىزچىلىق، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنداقلا تۇرپانشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات ئىزدىنىش، مۇلاھىزىلەر، كىتاب - ھۆججەتلەر تەتقىقاتى، چەت ئەللەردىكى تۇرپانشۇناسلىق ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلارمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتچىلارغا بەس - مۇنازىرە مەيدانى ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ خىزمەتلىرىمىزنى قوللاپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تەتقىقات سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىشلىتىلگەن ماقالىگە مۇۋاپىق ئۆلچەمدە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى، ئۇنۋانىنى، ئادرېسىنى، پوچتا نومۇرىنى، تېلېفون نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى سورايمىز.

ماقالە ئەۋەتمەكچى ياكى ماتېرىيال ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئالاقىلاشماقچى بولسىڭىز:

ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 45 - نومۇر (مىللىي ئىشلار كومىتېتى قورۇسى) 4 - بىنا 603- ئۆيدىكى ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ.

پوچتا نومۇرى: 830002

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 2325633 - 0991 (ئۆي)

## CATALOGUE

### SPECIAL MANUSCRIPT

Vice-Premier of the State Council Li Lanqing made an inspectation of the cultural relic work in Turpan ………………………………………………………………………………

### TURPAN RESEARCH

Retreated the Tūbūts from Beshbalikh and was founded the khoqo Uighur State ……
……………………………………………………………………… by Sawut and Alim
Qing'giz'han and Barqukh Tekin ……………………………………… by Imin Tursun

### HISTORICAL MATERIALS RESEARCH

Expression of the word 《Tabghaq》 in the dictionary of Tūjue (Turk) Language ……
……………………………………………………………………… by Muhtar Mamut Sabit

### HISTORICAL RESEARCH

Rerations and effects of the Zhong'ghar Tribe with the Khara Shahar ………………
……………………………………………………………………… by Yunusjan Ili

### CULTURAL RESEARCH

Brief talking about the Khuqu Uighur's cultural life … by Arkin Iminniyaz khutlukh
Uighur names and it's cultural lavels during the Khoqo Tribe ………………………
……………………………………………… by Asat sulayman kæ Mihriay Mamtily
On ancient Uighur calindaric system ……………………………… by Gūlnar Ismayil

### TURPAN GRAPES

Textual researchs of passing on grapes and grape wine to our country ………………
……………………………………………………………………… by Zhang Yūzhong

### SILK ROAD AND UIGHUR

Uighurs in Ganzhou and Silk Road ……………………………… by Arkin Arshidin

### PLACE NAMES RESEARCH

On the place name of 《Tokhsun》 ……………………………………… by Ashrap Abdulla

### RESEARCH INFORMATIONS

Discovering of the Dunhuang literature

※ ※ ※ ※

A notice inviting contibutions ……………………………………………… by Editor

Xinjiang Turpan Research Society
and
Cultural Relic Bureau of Turpan, Xinjiang

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆكجاي يېزىسىدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان تاش خەرىتە . ئۇنىڭدا ئېقىن ، بۇلاق ، كۆل ۋە ئېپتىدائى كارىزلارنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ ، بۇنىڭدىن 4000 ـ 6000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ







تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى قەدىمكى تاش چەمبىرەك قەبرىلەر

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
封面设计: 艾尔肯·伊明尼牙孜·库吐鲁克



Buyuk Uygur devleti Idikutun şanli hanlarından (padişahlarından) biri Alp Arslan han. X yüzyıl, Turpan.

بۈيۈك ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شۆھرەتلىك خاقانلىرىدىن بىرى - ئالپ ئارسلانخان. X - ئەسىر، تۇرپان.

**吐鲁番学研究**

主办单位: 新疆吐鲁番学学会
吐鲁番地区文物局
编　辑:《吐鲁番学研究》编辑部
地　址: 新疆乌鲁木齐市新华北路 45 号
(民委院)4 号楼 603 房
邮政编码: 830002　电话: (0991)2325633
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
2000 年 11 月

**تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى**

باشقۇرغۇچى ئورۇن : شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى
ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى
نەشر قىلغۇچى : « تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى » ئۇيغۇر تەھرىراتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شىمالىي شىنخۇا يولى 45 - نومۇر ( مىللىي ئىشلار كومىتېتى قورۇسى ) 4 - بىنا 603 - ئۆي
پوچتا نومۇرى : 830002 TEL: (0991) - 2325633
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2000 - يىل 11 - ئاي

新疆 内部资料(刊形)
准印证 00153
(工本费: 4.00 元)

ش ئۇ ئا ر نىڭ ئىچكى ماتېرىيال ( مەجمۇئە ) لەرنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153 - نومۇر
( تەننەرخى : 4.00 يۈەن )